لى بېنمىڭ

# باتۇر بالا

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىن



www.uyghurkitap.com

## قىسقىچە مەزمۇنى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە، باللار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولغان ساۋشياۋۋا باسقۇنچىلار قولىدا ئۆلگەن دادىسىنىڭ قىسا-سىنى ئېلىش نىيىتىدە، ئىنقىلاۋىي خىزمەتكە قاتنىشىدۇ، ئىنقىلاۋىي كادرلارنى قوغدايدۇ؛ ئۇ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ، تۈرلۈك قىيىن-قىستاقلارغا ئۇچرىسىمۇ، دۈشمەنگە زادىلا باش ئەگمەيدۇ.

ئۇ ئېغىر كۈرەش كۈنلىرىدە، پارتىيە تەربىيىسى بىلەن چېنىقىپ، ئۆسۈپ، ئىنقىلاپ مۇۋەسسىنى، ۋەتەننى ۋە دۇنيا تېچلىقىنى قوغدىغۇچى جەسۇر جەڭچى بولۇپ يېتىشىدۇ.

---

## مۇندەرىجە

1. دەسلەپكى ئۇچرىشىش .............................. (3)
2. دەرت ................................................ (8)
3. كىچىك رازۋېتكىچى .............................. (17)
4. ھايات ـ مامات بوسۇغىسى ......................... (34)
5. باتۇر بالا .......................................... (45)

# 1. دەسلەپكى ئۇچرۇشۇش

مەن شياۋۋا بىلەن بىرىنچى قېتىم 1942 - ژىلى ئەتىيازدا تونۇشتۇم.

بىر كۈنى ئەتىگەن مەن خەلق بولۇمىنىڭ باشلىغى لاۋ-دۈەن، ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى شياۋلى بىلەن ئەتىيازدىكى قايتارما «تازىلاش»① خىزمىتىنى تەشكىللەشتۈرۈش ئۈچۈن چېچجۇاڭ يېزىسىغا باردىم. يېزىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا، قوللىرىغا نەيزە تۇتقان ئىككى ئوقۇغۇچى:

— يولداشلار! سىلەر قايسى قىسىمدىن؟ يول خېتىڭلارنى كورسۇتۇڭلەر! — دەپ توسۇۋالدى.

بىز هودۇقۇپ قالدۇق. چۈنكى بىز ناهايىتى ئالدىراش چىقىپ كەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن يول خەت ئېلىش هېچقايسىمىزنىڭ يادىغا كەلمەپتۇ.

① قايتارما «تازىلاش» — ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە (1937 - 1945)، ياپون باسقۇنچىلىرى 8 - ئارمىيىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى بازىلىرىغا رەھىمسىز هۇجۇم قىلىپ تۇردى. بۇنى ئۆزلىرى «تازىلاش» دەپ ئاتىدى. 8 - ئارمىيىنىڭ خەلق كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دۈشمەن هۇجۇمىنى تار - مار قىلىشى قايتارما «تازىلاش» دەپ ئاتالدى.



www.uyghurkitap.com

مەن ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كىچىك يولداشلار! بىز ناھىيىدىن كەلدۇق. يول خەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمىز، بىزنى يېزىدىكى كادىرلارنىڭ ھەممىسى تونۇيدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق خاتالىق بولمايدۇ! — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدىم.

سېمىزرەك كەلگەن كىچىك ئوقۇغۇچى بېشىنى چايقاپ:

— بولمايدۇ! يېزا باشلىقىدىن تاپشۇرۇق، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇيرۇق بار، يول خېتى يوق ھەر قانداق ئادەمنى كىرگۈزمەيمىز! — دېدى.

دەرۋەقە، يېقىندىن بۇيان شىپونلار ئەردەپ كەتكەنلىك تىن، گۈزەتچىلىكنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يېزىلارغا بۇيرۇق بەرگەن ئىدۇق.

يولداش لاۋدۇەن كۈلۈپ:

— كىچىك يولداش، مەن ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ كىشى بىزنىڭ ھاكىمىمىز....— دېدى.

— ھاكىممۇ، باشقا بىرسىمۇ مېنىڭ نىمە كارىم، يول خەت بولمىسا ئۆتكۈزمەيمەن.— دېدى ھېلىقى ئوقۇغۇچى.

لاۋدۇەن ئەسلىدە، ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرساق قويۇۋېتەمە كىن دەپ ئويلىغان ئىدى، بۇ سوزنىڭ تەتۈرسىگە بۇرۇۋېتىشى نى كىم بىلسۇن، ھېلىقى كىچىك ئوقۇغۇچى «بۇلار بىزنى قەستەن ھاكىم دېگەن ئاتاق بىلەن قورقۇتماقچى»— دەپ چۈشۈنۈپ، لاۋدۇەننىڭ سوزىنى تۈگۈتۈشكە قارىماستىنلا سىلكىۋەتتى.

ئىش قىيىنغا چىقتى، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى مەن ئۇلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىشكە باشلىدىم:

— كىچىك يولداش، بۇ قىلىشىڭ ناھايىتى توغرى، لېكىن بىز بۈگۈن سىلەرنىڭ يېزاڭلارغا ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن كەلدۇق؛ كىرگۈزمىسەڭلەر خىزمەتكە دەخىل يېتىدۇ. سىلەر ئاۋال بىرىمىزنى باشلاپ يېزا باشلىقى بىلەن كورۇشتۇرسەڭلەر قانداق؟

ئۇ، بىر ئاز ئىككىلىنىپ، ئاخىرى مېنىڭ پىكرىمنى قو-
بۇل قىلدى ۋە ماڭا قاراپ:

— جۇر! مەن بىلەن ماڭ! — دېدى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، يېنىدىكى ھەمراسىغا — ئۆزى بىلەن بىردىمەتلىك كىچىك قىزغا قاراپ:

— شيۇنۇي! سەن مالاغا قاراپ تۇر! قويۇۋەتمە! — دېدى ئۇ، لاۋدۇەن بىلەن شياۋلىنى كۆرسۈتۈپ.

ئۇ مېنى خەلق ئەسكەرلىرى ئەترىدىنىڭ ئىشىگى ئالدىغا باشلاپ باردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىرمەكچى بولۇۋىدىم، ئۇ ماڭا:

— سەن تۇرۇپ تۇر! — دەپ بۇيرۇق بەردى - دە، ئۆزى ژۇگرەپ كىرىپ كەتتى. بىر دەمدىن كېيىن يېزا باشلىقىنى باشلاپ چىقتى. يېزا باشلىقى مېنى كۆرۈش بىلەن:

— بەللى! شياۋۋا، ھاكىمنى تۇتۇپ كەپسەنغۇ! — دەپ كۈلدى. ھېلىقى ئوقۇغۇچى سەل ئويلۇنۇپ قالدى ۋە بىر ئاز ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

— يول خېتى يوقكەن. ئەمەسمۇ! — دەپ ئىنرا تارتقاندەك تىلىنى چىقاردى ۋە ژۇگۈرگەن پېتى قايتىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئېغىز سوزسورىماقچى بولغانتىم، لېكىن ئۇ، ژۇگۈرگەن پېتى ئارقىغا قارىماي كەتتى.

— ئۇنىڭ فامىلىسى ساۋ، ئىسمى شياۋۋا، مۇشۇ يېزىدىكى

باللار ئەتردىنىڭ باشلىغى، بۇ ژىل 13 ياشتا. ئۇنىڭ دا-
دىسى ساۋلاۋلۇ ئوبدان كادر ئىدى، ئالدىنقى ژىل (1940-
ژىلى) ئەتىيازدا، ياپون باسقۇنچىلىرى چوڭ «تازىلاش»ژۈر-
گۈزگەن چاغدا، ئۇ، چېكىنىپ كېلىۋاتقان قېرى-چۈرى، با-
لا-چاقىلارنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئارقىدا قېلىپ، ياپون
باسمىچىلىرىنىڭ قولىدا ئولدى. ياپون باسمىچىلىرى دەس-
لەپتە ئۇنىڭغا يول باشلىتىپ، پارتىزانلارنى ۋە ئورنىغا تىقىپ
قويۇلغان ئاشلىقلارنى تاپتۇرماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇ، بۇنىڭ
ھەممىسىنى رەت قىپتۇ. قولىنى ئارقىغا باغلاپ، دەرەخكە
ئېسىپ قويۇپ، ھول قامچا بىلەن ئۇرغاندىمۇ ئۇ، بۇ توغرىدا
لام دەپ ئېغىز ئاچماپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۇنى باسمىچىلار شياۋۋا
ۋە شياۋۋانىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىدا قىيناپ ئولتۇرۇپتۇ!......
بۇ بالا ناھايىتى زېرەك، قولىدىن ئىش كېلىدۇ، ئوتكەن
ژىلدىن باشلاپ ئۇ، باللار ئەتردىنىڭ باشلىغى بولدى.
باللارنىڭ شېئىر ئېيتىش، گىمناستىكا ئويناش، گۈزەتچىلىك
قىلىش ۋەتەشۋىقات ئىشلىرىغا باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ، ئوزىنى-
مىنىگە ناھايىتى پۇختا، ئەمگەكتىن زېرىكمەيدۇ، دادىسى
ئولگەندىن بۇيان دېخانچىلىق ئىشلىرىدا يېرىم كىشىلىك ئەمگەك
قىلىپ كەلدى. چوڭ بولسا ھەر ھالدا يامان ئادەم بولمايدۇ
......دېدى يېزا باشلىغى.
يېزا باشلىغى ئۇنى جىنىنىڭ بىرىچە ماختىدى. مەن ئۇ-

نىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان بولساممۇ، ئۇنىڭ زېرەك-لىكى، خىزمەتكە بولغان ئىخلاسى، روھلۇقلىقىغا قاراپ ھەقىقەتەن بۇ بىر ياخشى بالا بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدۇم ۋە ئۇنى ناھايىتى ياراتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتۇم.

## 2. دەرت

چېجۋاڭ — ئۈچ ناھىيىنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان يېزا ئىدى. دۈشمەن ھەر نۆۋەت «تازىلاش» ژۈرگۈزگەندە، لازىم-لىق ئادەم ۋە ئات-ئۇلاقلارنى ھەرقايسى رايونلاردىن ژىغىپ ئالاتتى. ئۇلارنىڭ تەشكىللەشتۈرۈشى بىر تۇتاش بولمىغانلىق-تىن، ئۇرۇش بولۇپ قالسىلا بىر-بىرىسىگە ئىتتىرىپ قوياتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ناھىيىنىڭ چېگرىسىدىكى رايون، قايتارما «تازىلاش» نى ژۈرگۈزۈشتە ناھايىتى ياخشى بازا بولۇپ تۇراتتى. چېجۋاڭ يېزىسى ئوبدان جۇغراپىيىلىك شارايىتقا، ئاممىۋي ئاساسقا ۋە يەر ئاستى يوللىرىغا① ئىگە

① ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرلىرىدە، شەرقىي جۇڭگو تۈزلەڭلىكىدىكى رايونلاردا، دۈشمەننىڭ مەركەزلەشكەن ھەربىي كۈچى شارايىتىدا، پارتىزان ئۇرۇشلىرىنى داۋاملىق ژۈرگۈزۈش ئۈچۈن، 8-ئارمىيە ئاممىنى تەشكىللەپ، يەر ئاستى يوللىرىنى قازدى ۋە بۇنىڭ-دىن پايدىلىنىپ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش ژۈرگۈزدى.

بولغانلىقتىن ، خەلق ئەسكەرلىرى پۈتۈن رايوننىڭ نەمۇنىچى-
لىرىدىن بولغاشقا ناھىيىلىك رەھبىرىي ئورگانلار چېچىۋاڭ
يېزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى شۇ ژىلى ئەتىيازدا
قايتارما «تازىلاش» ژۈرگۈزۈدىغان بازىلارنىڭ بىرسى قىلىپ
بەلگىلىدى. مەن مۇشۇ چېچىۋاڭ يېزىسىدا تۇرۇپ، شۇ ئەتراپ-
تىكى قايتارما «تازىلاش» قا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى—يەر
ئاستى يوللىرىنى كېڭەيتىش، ھەممىنى كوموۋېتىپ دۈشمەنگە
ھېچنەرسە قالدۇرماسلىق، خەلق ئەسكەرلىرى ۋە باشلانغۇچ
تەشكىلاتلارنى رەتكە سېلىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردىم.

بىز شياۋۋا ئىككىمىز پات-پاتلا كورۈشۈپ تۇرۇدىغان بول-
دۇق. ئۇزۇن ئوتمەي، بىزنىڭ بۇ تونۇشلىغىمىز ناھايىتى تېزلىك
بىلەن دوستلۇققا ئايلىنىپ كەتتى. كېيىن مەن شياۋۋانىڭ
ئويىگە كوچۈپ باردىم.

بۇرۇن شياۋۋانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ئېغىر
ئىكەن، ئۇنىڭ ئائىلىسىدە ئادەم كوپ بولمىسىمۇ (ئانىسى،

---

بۇ مۇشۇ رايوندىكى خەلقنىڭ پارتىيە رەھبەرلىگىدىكى ئۇلۇق ئىجاد-
يىتى بولدى. بۇ، مۇرەككەپ يەر ئاستى يوللىرى ناھايىتى ئۇستىلۇق
بىلەن ياسالغان بولۇپ، ئۇ، ئائىلە بىلەن ئائىلىنى، يېزا بىلەن يېزىنى
بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە خالىغان ۋاختىدا
يوشۇرۇن، خالىغان ۋاختىدا ئاشكارە زەربە بېرىشكە بولۇدۇ. بۇ، ياپون
ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى.

www.uyghurkitap.com

دادىسى ۋە ئوزى) ، ئانىسى ئادەتتە ئارتۇقچە ئەمگەك قىلىۋەت-
كەنلىكتىن ، ئاغرىقچان بولۇپ، ئەمگەكتىن قاپتۇ، پەقەت ،
دادىسىلا ، يومىشىكتىن ئىجارە ئالغان 5 مو يەرنى تېرىپ ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىكارلىق ۋە ئازراق سودا - سېتىق ئىشلىرى
بىلەن ئۇلارنى باقىدىكەن . دادىسى ژىل بويى قار - بورانلاردا ،
يامغۇرلاردا هارماستىن ئەمگەك قىلسىمۇ ، ئائىلىسى ئاچ - يالاڭ-
غاچلىقتىن قۇتۇلالماپتۇ . شياۋۋانىڭ ئانىسى بۇنى «تەلەيسىز-
لىك» دەيدىكەن . شۇڭا ئۇ بۇ تەلەيسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ياغ يورۇتۇپ ، بۇتقا يالۋۇرۇپ ، كۈن بويى دۇئا - تەلەپ
قىلىدىكەن . لېكىن بۇتنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ . كەمبەغ-
ەللىك يەنە شۇ پېتى كېتىۋېرىپتۇ . «7 - ئىيۇل» ۋەقەسىدىن
كېيىن بۇ يەرگە كوممۇنىستىك پارتىيە كېلىپ ، ئىجارە ھەققىنى
ۋە قەرز ئۆسۈمىنى كېمەيتىش ، ھېساپ ئېلىش كۈرۈشىنى
ژۈرگۈزۈپتۇ . ھېلىقى 5 مو يەر ئۇلارنىڭ ئوزلىرىگە تېگىپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن شياۋۋانىڭ ئانىسىغىمۇ قۇۋۋەت كىرىپ . يۈتۈن
ئائىلىسى بىلەن ئەمگەككە قاتنىشىپتۇ . ئىختىسات قىلىپ ژۈرۈپ
كېيىن يەنە 6 مو يەر ئاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى
كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىۋېرىپتۇ . شياۋۋانىڭ ئانىسى «كەم-
بەغەللىكنىڭ» زادى نېمىدىن ئىكەنلىكىنى ئەنەشۇ ۋاختىلا
بىلىپتۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ توغرىدا سوز بولسىلا ، ئانىسى شياۋۋاغا
ئوتمۈشتىكى تۇرمۇشلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىقىنى ، يومىش-

شكىللاردىن قانداق خار ـ زارلىق تارتقانلىقىنى، كوممۇنىستىك
پارتىيە كەلگەندىن كېيىن قانداق قەد كۆتۈرۈپ، تۇرمۇشلى-
رىنىڭ ياخشىلىنىشقا باشلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدىكەن.
هازىرقى تۇرمۇشلىرىنى ئېيتىشقا باشلىغاندا، ئانىسى خۇشال-
لىنىپ، شياۋۋاغا: «كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن 8 ـ ئارمىيىنى
ئېسىڭدىن چىقارما، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن 8 ـ
ئارمىيە بولمىغاندا بۇنداق قورقۇنۇچلۇق ئۇرۇش ژىللىرىدا،
بىز ئاللىقاچان ئاچتىن ئۆلگەن بولاتتۇق» دەپ جېكىلەپ
چۈشەندۈرۈدىكەن. لاۋلۇ بولسا، دېخانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ
گرۇپپا باشلىقى ۋە يېزا مەھكىمىسىنىڭ «ئوزۇق ـ تۈلۈك باشقۇر-
غۇچىسى» بولۇپ ئىشلەپتىكەن. قەددىنى كۆتەرگەندىن
كېيىن ئۇ، ئىدىيە جەھەتتە ناھايىتى ئالغا بېسىپتۇ. مەيلى
دېخانلارنىڭ پومېششىككە قارشى كۈرۈشىگە رەھبەرلىك قىلىشتا
بولسۇن، مەيلى يېزىلىق مەھكىمىگە ئاشلىق ۋە ئوت ـ بوغۇز
ژىغىش ئىشلىرىدا بولسۇن ئاكتىۋ ئىشلەيدىكەن. ئۇمۇ ھەرۋاخت
شياۋۋاغا: «ياخشى ئوقۇغىن، كېلەچەكتە مەملىكەت ئۈچۈن
كۆچ چىقىرىپ ئەمگەك قىلىشىڭ كېرەك. ئوتمۇشتە بىزگە ئوخ-
شاش كەمبەغەللەر ئوقۇش ئەمەس، مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئوتۇپ
قويىسلا بايلارنىڭ غەزىۋىگە ئۇچرايتتى. هازىر بىز قەددىمىزنى
كۆتەردۇك، ئەگەر ياخشى تىرىشمىساق پاناھىمىز ماۋجۇشىنىڭ
ئالدىدا ئىزا تارتىپ قالىمىز» دەپ تەربىيە بېرىپ تۇرىدىكەن.

بۇ نىمىدىگەن تالانتلىق ۋە بەختلىك ئائىلە-ھە! لېكىن بەختكە قارشى 1940-ژىلى ئەتىيازدا ياپون ئىمپېرىيالىستلىرى چوڭ «تازىلاش» ژۈرگۈزگەن چاغدا، لاۋلۇ قۇربان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى بۇ بەختلىك كىچىك ئائىلىنى قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتكە قويۇپتۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئايرىمچە غەمخورلۇق قىلغانلىقتىن تۇرمۇشى ئىلگىركىدەكلا ئوتتۇرىپتۇ. شياۋۋانىڭ ئانىسى كۆيۈمچان ۋە ئەمگەكچان ئايالكەن، بىز كوچۇپ كەلگەندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئىناق ئائىلىگە ئايلىنىپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ سۇ ئەكىلىش، قورۇ سۇپۇرۇش، ئىشەك ئېغىلىنى تۈزۈتۈش ...... قاتارلىق ئۇششاق-چۈشەك ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان بولدۇق. بۇندىن باشقا يەنە ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ 8 مو يەر تېرىپ، 10 ھارۋا قىغ توكۇپ بەردۇك. شياۋۋانىڭ ئانىسى خوشاللىغىدىن بىزگە تاتلىق ياگيو پۇشۇرۇپ بېرەتتى، تاماقلارنى ئېتىپ، بىزدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ بىز خۇددى بىر ئائىلىنىڭ ئادىمىدەك بولۇپ كەتتۇق.

ئۇ، بىز بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ ئوتمۇشتىكى ئاچچىق تۇرمۇشلىرىنى، شياۋۋانىڭ دادىسىنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى، شياۋۋانى چوڭ قىلىشنىڭ تەسلىكىنى دايىم ئاغزىغا ئالاتتى. سۆز ئارىسىدا «كۆتكەن كۈنلەرنى ئەمدىكىنى كورۇشكە باشلىغاندا، ئۇ ئۆزى ۋاپات بولدى» دەپ كېلىشۋېتىپ، قايغۇ-

ھەسرەتتە ئۆزىنى تۇتالماي ھامان ژىغلايتتى ۋە كۆز يېشىنى ئەرتىپ تۇرۇپ:

— ژىغلىمايمەن! ژىغىدىن نىمە چىقاتتى! شياۋۋا چوڭ بولغاندا، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ! — دەپ چوڭ ئۇمىت كۈتەتتى.

مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن:

— توغرى دېدىڭىز! شياۋۋا دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالدۇ! — دېگەندىن باشقا مۇۋاپىق سۆز تاپالمايتتىم.

شياۋۋا ھەقىقەتەن ياخشى بالا ئىدى. ئۇنىڭ سېمىز، ئاپپاق يۈزى، بۇلاقتەك ئىككى چوڭ كۆزى ئۆزىگە ئاجايىپ روھ بېرىپ چىرايلىق كۆرسۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ، ناھايىتى زېرەك ئىدى، مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى. ناھايىتى تىرىشچان ئىدى، ئىمتىھاندىن دايىم بىرىنچى ئۆتەتتى. ئۇ، باللار ئەترىتىگە قاتنىشىپ، «ياشلارنىڭ ۋەتەننى قوتقۇزۇش جەمئىيىتى» نىڭ رايونلۇق بولۇمىدىكى يولداشلارنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئېيتقان چۈشەنچىلىرىنى دايىم ئاڭلاپ تۇرغانلىقتىن ۋە باللار ئەترىتىنىڭ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى تۇرۇشتا ئىشلەشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلەرنى تەشكىللەشتۈرۈش ئىشىگە ئارلىشىپ تۇرغانلىقتىن كۆپ نەرسىلەرنى چۈشىنەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئۇستا تەشۋىقاتچىمۇ بولۇپ چىقتى؛ كىشىلەر ئۇنى ياخشى

كورەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىلغان تەشۋىقاتىنىڭ نەتىجىسىمۇ ناھايىتى ياخشى بولۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭ تەشۋىق قىلىشى ئارقىسىدا شۇ ھويلىدىكى ئەرتۇ ئاكىمۇ ئارمىيىگە قاتنىشى؛ ئۇ، ھوكۇمەتكە تاپشۇرۇدىغان ئاشلىقنى بەرگىلى ئۇنۇمايدىغان بەزى قالاقلارنى بىر رىغبەتلەندۇرۇش بىلەنلا ئۇنۇتاتتى. ئۇ يېشى كىچىك بولغان بىلەن، باللار ئەترىدىدە ناھايىتى ئىناۋەتلىك ئىدى، مەيلى ئوزىدىن چوڭ ياكى كىچىكلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇنىڭ گېپىگە كىرەتتى. ئۇ گويا قوماندانلىقتا چىۋەر بىر كىچىك ئوفىتسىر ئىدى. بىز ئۇنىڭ ئويىگە كوچۇپ كەلگەندىن باشلاپ، ئىككىمىز ئىش قويۇن، تاش قويۇن بولۇپ كەتتۇق. ئۇ ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن ھېمىشەم ماڭا شېير ئوگۇتۇپ قوي ياكى ھېكايە ئېيتىپ بەر دەپ تۇرۇۋالاتتى. مەن ئۇنىڭغا «قىزىل ئارمىيىنىڭ 25 مىڭ يوللۇق ئۇلۇق سەپىرى»، «8-ئارمىيىنىڭ يوشۇرۇنچە بىرىپ دۇشمەنگە زەربە بېرىشى» ۋە «باتۇر باللارنىڭ ماھىرلىق بىلەن خائىنلارنى تۇتۇشى» قاتارلىق ھېكايىلارنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پۇتۇن روھى بىلەن ئاڭلايتتى. بولۇپمۇ ھېكايىدىكى قەھرىمانلارغا زوقلىناتتى. مەن ھېكايىنى ئاياغلاشتۇرغان چاغدا ئۇ:

— ئۇلار نىمە ئۈچۈن شۇنداق قەھرىمان بولدى؟ ھازىر ئۇلار نەدە، نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ...— دەپ سوراپ

كېتەتتى . ھەتتا مەن جاۋاپ بېرەلمەي قالغانغا قەدەر
سوراۋېرەتتى. ئۇمۇ بىزگە ئەتراپتىكى خوشنىلارنىڭ ئەھۋاللى-
رىنى — قايسى ئائىلە ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ئەسكەر-
لەرنىڭ ئائىلىسى، قايسى ئائىلە يومبىشىڭ، قايسى ئائىلە
«جاھىل»، قايسى ئائىلە «جاھىل» ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ
بېرەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئوبدان چۈشۈنەتتى.
لېكىن ئۇ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا سۆزلەشكىسى كەل-
مەيتتى. ئانىسى ئۇنى كۆز ياشلىرى بىلەن ئېيتىشقا باشلىغاندا
ژىغلاپمۇ قويماتتى. پەقەت ئانىسىنىڭ يىغىسىغا كىرىشىۋېلىپ، جىم
تۇرۇپ ئاڭلايتتى، بەزىدە كۆزىنى شىپ-شىپ قىلىپ، قوشۇ-
مىسىنى تۈرۈپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتى بەلگىسىدىن بىز-
گە — بالىنىڭ ياش دىلىدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز دەردىنىڭ بار-
لىقى مەلۇم بولاتتى. بەزىدە، ئانىسى يوق چاغلاردا ئۇ ماڭا:
«ياپون قاراقچىلىرى جۇڭگوغا نېمە ئۈچۈن تاجاۋۇز قىلىدۇ؟
ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلەرگە ئوت
قويىدۇ؟ قاراقچىلارنىڭ ئۆزلىرىدە ئاتا-ئانا يوقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن
ئۇلار شۇنچە ياۋۇز؟...» — دېگەن سوئاللارنىمۇ قوياتتى.
مەن ئۇنىڭ سوئاللىرىغا ئىمكانىيەتنىڭ يېرىچە جاۋاپ بېرەت-
تىم. لېكىن ئۇ، تولۇق قانائەتلەنمىگەندەك بولۇپ: «قاراقچىلار
نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ، ياۋۇزلۇق
قىلىدۇ؟ دادامنىڭ مىجەزى شۇنچە ياخشى ئىدى، مېنى شۇن-

چه ياخشى كوره‌تتى. ياپون قاراقچىلىرى نىمه ئۇچۇن ئۇنى
ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق گۇناسىز ئولتۇرىۋېتىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى-
دە بۇنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. مەن قانچە چۇشەندۇرۇپمۇ
ئۇختۇرالمايتتىم. ئۇ، ئوزى قانچە ئويلىسىمۇ تىگىگە يېتەلمەيتتى.
لېكىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نىمە قىلىش كېرەك
دېگەن مەسىلىدە ئۇنىڭ مەلۇم مەخسىدى بار ئىدى. مەن ھەر
قېتىم ئۇنىڭدىن:

ــ شياۋۋا، سەن چوڭ بولغاندا نىمە قىلىسەن؟ ــ دەپ



www.uyghurkitap.com

سورىسامىلا، ئۇ تارتىنماستىن:

—8 _ ئارمىيىگە كىرىپ، دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!— دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

توغرى، مىللىونلىغان باللارنىڭ ئاتا_ئانىلىرى ياپون قاراقچىلىرىنىڭ قولىدا ئۆلدى. بىزدە ئۆلگەنلەرگە تەزىيە بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ يېتىم قالغان باللىرىغا تەسەللى بېرىشتە دۈشمەندىن قانغا_قان ئېلىشتىن باشقا يەنە قانداق چارە بار؟!

— توغرى ئېيتىسەن، داداڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشىڭ كېرەك! _ دېگەندىن باشقا سوز تاپالمايتتىم.

مەن بۇ ئىنتىقامنى ئالالايدىغانلىغىمىزغا ئىشىنەتتىم!

# 3. كىچىك رازۋېتكىچى

دېگەندەكلا، دۈشمەننىڭ باھاردىكى چوڭ «تازىلاش» ھەركىتى 1 _ مايدا باشلاندى.

بىر كۈنى سەھەردە ئەمدىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تېخى ئۈزۈمنىمۇ ژۇمىغان ئىدىم، ھاسىراپ _ ھۆمىدەپ شياۋۋا كىرىپ كەلدى _ دە:

— ھاكىم، ھاكىم! دۈشمەن كېلىپ قالدى! ۋوتودا قاچ_قاچ بولۇپ كەتتى!—دەپ ۋاقىرىدى.

ۋوتو چېچجۇاڭ يېزىسىدىن پەقەت 7 _ 8 يول كېلەتتى، ئەھ_


www.uyghurkitap.com

ۋال جىسىدىي
ئوخشايدۇ، مەن ئۇ-
نىڭدىن ئىنقىلاپ سورىغىنچە
ئۇ، يەنە ژۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.
مەن مۇھاپىزەتچى بىلەن دەرھال
ھۆججەتلەرنى ژىغىشتۇرۇپ، دەرۋازا
ئالدىغا چىقساق، كوچىدا قاچ-قاچ
بولۇپ كېتىپتۇ. يېزىنىڭ غەربىدىن «تاك-تۇك» قىلىپ ئېتىلغان
مىلتىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز ژۈگۈرۈپ دەرۋا-
زىنىڭ ئالدىغا چىقتۇق. خەلق بىر توپ ھەرىدەك، كوچا
بويلاپ غەربتىن-شەرققە قاراپ قېچىشماقتا. ئۇلار بىر تەرەپتىن
جېنىنىڭ بېرىچە ژۈگۈرەتتى، بىر تەرەپتىن:

— دۈشمەن كەلدى! دۈشمەن! — دەپ ۋاقىرايتتى.

بىز ئەھۋالنى چۈشۈنەلمەستىن قېچىۋاتقانلاردىن سوراش-تۇرۇپ ژۇرەتتۇق، تۇيۇقسىز تۈنىڭ ئىچىدىن تويۇقسىزلا ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى شياۋلى چىقىپ كەلدى-دە:

— ئىلدام بولۇڭلار! يېزىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى كىردى!— دېدى ئۇ، بىزگە ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ.

— قانچە ئادەم؟

— ئېنىق ئەمەس، باشقىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا خېلى كۆپ ئوخشايدۇ!

— مىلتىق دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلدىمۇ ياكى بىز تەرەپتىن ئۇلارغا قارشى ئېتىلغانمۇ؟

— بىلمىدىم! ئىش قىلىپ ۋەقە تويۇقسىز پەيدا بولدى، بىز مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق، كوچىلاردا قاچ-قاچ بولۇپ كەتتى! ژۇگۈرۈپ خەلق ئەسكەرلەر ئەترىتىگە باردىم، ھېچكىم ئۇچراشمىدى!— دېدى شياۋلى بىزنى باشلاپ كېتىۋېتىپ.

بىز ھېچقايسىمىز ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقالمىدۇق. تەۋەككۈل قىلىپ يېزىنىڭ غەربىگە بېرىشنىڭ ئورنى بولمىدى، پەقەت خەلقنى يېزىنىڭ شەرقىگە قاراپ قېچىشقا دەۋەت قىلىۋەدۇك. كوچىنىڭ شەرقىي ئاغزىغا چىقىشىمىزغا، كوچىنىڭ غەربىدىن يەنە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، لېكىن بىر نەچچە مىنۇتتىلا ئېتىلىپ جىم بولۇپ قالدى. بىز جېنىمىزنىڭ بېرىچە ژۈگۈرۈپ

كېتىۋاتىمىز، بەزىدە كەينىمىزگە قاراپ ـ قاراپ قويىمىز، بىز ـ
نىڭ ئەسكەرلەرنىڭ چېكىنىپ چىققانلىرى كۆرۈنمەيدۇ، ئارقا
تەرەپ جىم ـ جىت، ئىنسان يوق. مېنىڭ ناھايىتى ئىچىم
پۇشۇپ، قەدەملىرىم ئاستىلىششقا باشلىدى. شىياۋلى تۇيۇقسىزلا
يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى كۆرسۈتۈپ:

— ئاتلىق ئەسكەر كېلىۋاتىدۇ! دەپ ۋاقىرىدى.

دېگەنىدەك، 5 ـ 6 ئاتلىق ئەسكەر يېزىنىڭ شىمال تەر ـ
ىپىدىن، توپ ـ توغرى بىزگە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز خەندەكنى
بويلاپ جېنىمىزنىڭ بېرىچە شەرقىي ـ جەنۇبقا قاراپ ژۈگۈر ـ
ۋەدۇق، ئىش چاتاق بولدى، شەرقىي ـ جەنۇبقا قاراپ قېچى ـ
ۋاتقان خەلق تۇيۇقسىزلا قايتىدىن شەرقىي ـ شىمالغا بۇرۇلدى؛
يېزىنىڭ جەنۇبىدىنمۇ بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەرلەر ئوراپ
چىقتى. بىز ئەمدى توپ ـ توغرى شەرققە قاراپ ژۈگەردۇك.

شۇ ۋاختتا يېزىنىڭ ئىچىدىنمۇ ئاندا ـ ساندا مىلتىق ئا ـ
ۋازلىرى ئاڭلاندى. كەينىمىزگە قارىساق، ئىككى تەرەپتىكى
ئاتلىقلار ئىپتىدىن چۇشۇپ ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ كېتى ـ
ۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

بىز كېتىۋېتىپ بىر تەرەپتىن بۇ ئەھۋال ئۈستىدە كېڭەش ـ
تۇق، چىچجۇاڭ يېزىسىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىدىكى ئويمانلىقنى
ئايلىنىپ دۈشمەندىن دالدىلانماقچى بولدۇق، بۇ ئويمانلىق ـ
نىڭ ئايلانمىسى 15 يولچە كېلەتتى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى شور ـ

www.uyghurkitap.com

تاڭ، سۇ ئورۇپ كەتكەن يار ۋە قىلىن ژۇلغۇنلۇق بولۇپ،
پارتىزان ئۇرۇشىغا ناھايىتى ئەپلىك ئىدى. ئۆتكەن ژىلى بۇ
يەرلەرنى سۇ بېسىپ كەتكەنلىگىدىن، ھازىر توختام سۇلار
بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللارنىڭ ئەتىيازدىكى پاتقاقچى-
لىغى ئاتلىقلارنىڭ مېڭىشىغا يول بېرىدىغاندەك ئەمەس. بۇيەر-
دە ئىككى يول بار ئىدى: ئۇنىڭ بىرسى ئارقىلىق زورۇر
تېپىلغاندا شەرققە قاراپ مېڭىپ، ئۇستەڭدىن ئۆتۈپ كەتكىلى
بولاتتى. ئۇياقتا دۇشمەننىڭ بار-يوقلىغى مەلۇم ئەمەس؛ ئىك-
كىنچىسى ئارقىلىق غەربىي-شىمالغا قاراپ مېڭىپ، دۇشمەننىڭ
ئارقا تەرىپىگە بارغىلى بولاتتى. لېكىن بىز ئۇستەڭنىڭ ياق-
سىغا يېرىشىمىز بىلەن كېلىشمىگەن بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلدۇك:
ئۇستەڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە توپ-توپ بولۇپ بىر مۇنچە ئادەم
ژۇرۇدۇ، ئۇلار يە بېلىقچىلارغا، يە قاچقان ئادەملەرگە ئوخ-
شمايتتى. بىز بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، ئوز-ئارا كېڭىشىپ تۇ-
راتتۇق، توساتتىن بىر زەمبىرەك ئوقى كېلىپ يېنىمىزغا چۈ-
شۈپ پارتلىدى. بىز دەرھال يېتىۋالدۇق. كەينىدىنلا پۇلې-
ميوت تارىلداپ بىزگە قاراپ ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. شۇ
ۋاقتىدىلا بىز دۇشمەن ئۇستەڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ئوراپ
ئالغانلىغىنى بىلدۇك.

ئەھۋال بىز چاغلىغاندىنمۇ ئېغىر ئىدى. بىز پاتقاقتا ئومۇ-
لەپ غەربىي-شىمالغا قاراپ سىلجىدۇك، ئىككى يولچە ماڭغان-

www.uyghurkitap.com

لدىن كېيىن مىلتىق ۋە زەمبىرەك ئاۋازلىرى بېسىلدى.

شۇ ۋاقىتتا غەربتىن ، غەربىي ـ شىمالدىن ۋە چىچۇاڭ يېزىسىنىڭ شىمالىدىن ئاتلىق ئەسكەرلەر يەر ـ جاھاننى قاپلاپ كەتتى. خەلق دوقۇرۇشۇپ كەينىگە قاراپ سىلجىدى. بىز تورت تەرەپتىن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدە قالدۇق. ئىلگىرىلەش ياكى چېكىنىشنىڭ ئىلاجى يوق، ئاخىرى يەنە بىر يول ئىلگىرىلەپ بېرىپ پاتقاقنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتتۇق. مۇشۇ ۋاقىتتا شياۋلى يېنىمىزدىكى ئويمانلىقتا ئىككى كىشىنىڭ ئومۇلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ بىرسى شياۋۋا ئىكەن. مەن ناھايىتى خوشال بولۇپ، دەرھال ئۇنى قىچقاردىم. شياۋۋا مېنى كورۇش بىلەن خۇددى ئانىسىنى كورگەندەك بولدى. ئۇ، خوشاللىقىدا، ئوزىنىڭ قانداق قېچىپ چىققانلىقىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۇ ماڭا دۈشمەن كېلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، يەنە بىر قانچە ئويگە خەۋەر بېرىپتۇ، كېيىن ژۇگۇرۇپ غەربىي كوچىنىڭ ئاغزىغا چىقىشىغا، دۈشمەننىڭ خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىشىۋاتقانلىقىنى كورۇپتۇ. ئۇ، يېگىۋاشتىن ژۇگۇرۇپ كېلىپ بىزنى ئىزدەپتۇ، لېكىن ئويدە بىرمۇ ئادەم يوق. شۇ ۋاقىتتا خەلق ئەسكەرلىرى چېكىنىپتۇ، دۈشمەننىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى ئۇلارنى يېزىدا قورشاپ ئاپتۇ. شياۋۋا دۈشمەننىڭ دىققەتسىز پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئېھتىيات بىلەن

قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالنى بىلمەپتۇ.

بىز بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئەندىشە قىلدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن خوشال بولدۇق. شياۋۋانىڭ بىز ئويلىغاندەك خەۋپ-خەتەرگە ئۇچرىمىغانلىقىغا خوشال بولدۇق؛ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قورشاۋنى بۇزۇپ چىقالمىغانلىقىدىن تەشۋىشلەندۈك. لېكىن چېجۇاڭ يېزىسىدىكى يەر ئاستى يوللىرىنىڭ پۇختىلىقىنى ئويلاپ يەنە بىر ئاز خاتىرجەم بولدۇق.

بۈگۈن كۈن ناھايىتى ئاستا ماڭغاندەك تۇيۇلدى. ئۇزاق كۈتتۈك. كۈن ئەمدىگىنە غەربكە قاراپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئويمانلىقتىكى ۋە يېزا ئەتراپىدىكى دۈشمەنىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرىمۇ كۆرۈنمەي كەتتى. مىلتىق ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى، تۆرت ئەتراپىمىز جىم-جىتلىشىپ كەتتى. كۆڭلىمىز بىر ئاز ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. شۇ ۋاقىتتىلا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇسساپ كەتكەنلىكىمىزنى، قورسىقىمىزنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ھارغانلىقىمىزنى بىلدۈك. ھەتتا پاسكىنا سۇدىن بىرنەچچە ژۇتۇم ئىچىۋەتتۈك. كېيىن بىر قۇرۇغراق جاي تېپىپ دەم ئالدۇق. قورساقلىرىمىز ئېچىپ تارتىشىپ كەتتى. لېكىن ھېچقايسىمىز بىر چىشلەم بىر نەرسە ئېلىپ چىقمىغان ئىكەنمىز. ئۇزاققىچە بىر-بىرىمىز بىلەن سۆزلەشمىدۈك. ھەممىمىزگىلا: ئەھۋالنى بىلىش كېرەك ئىدى، خەلق ئەسكەرلىرى قانداق بولغاندۇ؟ دۈشمەن كەتكەندىمۇ، يېزىنىڭ

ئىچى ۋەيران بولۇپ كەتكەندىمۇ؟ يىمەكنى قانداق قىلارمىز؟ ئەڭ ياخشىسى خەۋەرچى ئىۋەتسەك ياخشى بولاتتى، بۇنى كىممۇ ئۈستىگە ئالار؟ ھەممىمىز ياش، گىردم قىلغان بىلەنمۇ چىنىپ قالدۇ، دۈشمەننىڭ ياۋۇز ئاتلىق ئەسكەرلىرى بولسا، بۇ...دىگەن خىيالغا كەلدۇك. ئۇزاق كىڭەشتۇك، لېكىن ھىچقانداق ياخشىراق ئۇسۇل ئويلاپ تاپالمىدى.

بىزنىڭ قىيىنلىۋاتقانلىغىمىزنى بايقىغان شياۋۋا:

— ھاكىم! مەن يېزىغا قايتىپ باراي! مەن يېزىغا ناھايىتى تونۇشمەنغۇ، بىر ئىلاج قىلىپ، ئازراق يىمەك تىپىپ كېلەي— دەپ بۇ ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

بىزگىمۇ ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئادەم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنى بالدۇرلا ئويلىغان ئىدىم. شياۋۋا ئۆزى ھەم كىچىك، ھەم زىرەك، يېزىدا ھەممە بىلەن تونۇش، قاراقچىلارغا دۇچ كېلىپ قالغاندىمۇ ئاسان قۇتۇلۇپ كېتەلەيدۇ. لېكىن شۇ ئاردا مەن يەنە ئىككىلىنىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ دادىسى يادىمغا چۈشۈپ، ئۇمۇ بىرەر كۈتۈلمىگەن خەۋپ-خەتەرگە ئۇچراپ قالمىغىدى ياكى دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، قىيناقتا چىدالماي قالارمىكىن...دەپ قورقۇپ دەرھال جاۋاپ بىرەلمەي بىر ئاز سۈكۈتتە قالدىم. لېكىن ئۇ، مىنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا مىڭىپ كەتتى. مەن ئۇنى چا-

قىرىپ ئېلىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆز تاپشۇرماقچى بولىۋىدىم،
لېكىن قۇلۇغۇمغا غايىپتىن ئۇنىڭ:
— 8-ئارمىيىگە قاتنىشىپ، دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالـ
مەن. — دېگەن سۆزلىرى ئاڭلاندى. مەن باشقا سۆزلىرىمنى
قالدۇرۇپ:
— ئېھتىيات قىل! — دەپ ۋاقىراشقا ئارانلا ئۈلگۈردۈم.
بىلمىدىم، ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىدىمۇ-ئاڭلىمىدىمۇ، ئىشـ
قىلىپ كەينىگىمۇ قارىمىدى، جاۋابمۇ قايتۇرمىدى، توپ-توغرى
يېزىغا قاراپ كېتىۋەردى. بىز ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ
تۇردۇق، ئۇ، بىزدىن ئاستا-ئاستا ژىراقلاشقانسىرى ئۇنىڭ
قارىسىمۇ كىچىكلەپ، قەدەملىرىمۇ ئاستىلاشقاندەك بولۇپ كۆ-
رۈنۈشكە باشلىدى، يېزىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇ توختاپ قالغانـ
دەك بولدى-دە ناھايىتى تېزلىك بىلەن يېزىنىڭ چېتىدىكى
چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى.
بىز ئۇنى كۈتە-كۈتە ئۇزۇن ۋاختلارنى ئۆتكۈزىۋەتتۇق.
5 يول يەرگە بېرىپ كەلگىدەك ۋاخت ئۆتتى، ھەتتا ئىككى
قېتىم بېرىپ كەلگىدەك ۋاخت ئۆتتى، ئەلۋەتتە... كۈن ئولـ
تۇرۇشقا ئاز قالدى، قورساقلىرىمىز بەك ئېچىپ كەتتى. لېكىن
تېخىچە ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. مەن بىر ئاز پۇشايمان
قىلىپ، تېپچىسىزلىنىشقا باشلىدىم. تۇيۇقسىزلا، شياۋلى:
— ئۆيگە ئوت كەتتى! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

دېگەندەك ، چېچجۇاڭ يېزىسىنىڭ ئىككى يېرىدىن ئاسمانغا قاپ ـ قارا تۇتۇن كوتۇرۇلۇپ چىقتى. بۇ بىزگـە دۇشمەنىنىڭ تېخى كەتمىگەنـلىگىنى ئۇختۇردى؛ لېكىن ئوي كويدۇرۇش ھەر قاچان دۇشمەنىنىڭ كېتىش ئالدىدىكى بەلگىسى بولاتتى. «شياۋۋا نىمە بولغاندۇ؟» دەپ بىز قاتتىق تەشۋىشلەنـدۇك، قورقۇنۇشلۇق بىر كۇتۇلمىگەن ھادىسىنى يادىمىزغا كەلتۇرۇپ، بارغانسىرى پۇشايمان قىلىشقا ۋە تېچـسىزلىنىشقا باشلىدۇق...

كۇتۇلمىگەن يەردىن، غەربىتىكى شورتاڭلىقنىڭ كەينىدىن شياۋۋانىڭ قارىسى كورۇنـدى. مەن كوزلىرىمگە ئىشەنمەي، قايتا ـ قايتا كوزۇمنى سۇرتۇشكە باشلىدىم. دېگەندەك شياۋۋا ژۇگۇرۇپ يېتىپ كەلدى. قولىدا بىر چوڭ قاتلىمنان، بىزگە يېقىنلاشقان چاغدا ئۇ، يانـچۇغىدىن يەنە بىر قۇتا كونسېرۋا ئالدى. مەن خوشاللىغىمدىن ئۇنى قۇچاغلاپ ئالدىم. ئۇ بىزگە بۇ نان بىلەن كونسېرۋىنى قانداق ئېلىپ كەلگەنلىگىنى بىر ـ لەپ ـ بىرلەپ بايان قىلىشقا باشلىدى.

* * *

...شياۋۋا بىزدىن ئاجـرالغانـدىن كېيىن دىققەت بىلەن ماڭدۇ. ئەتراپ جىم ـ جىت، ئىنسان يوق. يېزىغا يېقىنلىشىپ بارغاندىمۇ ھېچكىم كورۇنمەيدۇ. بۇنىڭغا گۇمانلىنىشقا باشلايـدۇ. «قاراقچىلار كەتكەن بولسا، كىشىلەر نىمە ئۇچۇن كورۇنمەيـدۇ؟ كەتمىگەن بولسا، نىمە ئۇچۇن جىم ـ جىت ياتىدۇ» دەپ



www.uyghurkitap.com

ئويلايدۇ ۋە ئاستا بېرىپ يېزىنىڭ چېتىدىكى چاتقانلىققا كىرىدۇ، چاتقانلىقنىڭ ئىچىدە ژۈرۈپ يەنە ئۇبدانراق بايقىماقچى بولۇدۇ. شۇنداق قىلىپ يېزىنىڭ چېتىگە ئەمدى يېتىپ بېرىشىغا، ئېرىق ئىچىدە ئاتلىرىنى تۇتۇپ مىلتىقىغا يۆلۈنۈپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇرغان ئىككى قاراقچىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئىككى قاراقچى شياۋۋاغا خۇددى دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاراقچىلارنىڭ تاق ئۆزىدەك بولۇپ كۆرۈنۈپ، قورقىنىدىن «ئاپا!» دەپ ۋاقىرىۋەتكىلى تاسلا قالىدۇ.

شياۋۋا كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچماقچى بولۇدۇ، — لېكىن ئاتلىق كىشىدىن پىيادە ئادەم قانداق قۇتۇلالايدۇ؟ ئۇنداق قىلسام ئۇلار سېزىپ قالامدۇ؟ — دەپ ئويلاپ، قاچماستىن، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاستا ئىگىشىپ مېڭىشقا باشلايدۇ. لېكىن قاراقچىلار ئۇنى ئاللىقاچان كۆرۈپ ئالغان ئىكەن. ئۇلار قوللىرىنى شىلتىپ:

— بالا! ھەي، بالا! — دەپ ۋاقىراپ، شياۋۋانى توختۇتۇدۇ.

شياۋۋا ئەھۋالغا قاراپ بېقىپ، قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن قاپىغىنى تۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىدۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ. ئەكسىنچە ئۇنىڭغا، نىمە ئۈچۈندۇ، ئىسسىق چىراي بىلەن يانچۇغىدىن قەنت ئېلىپ بېرىدۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن:

— بالا! 8 ـ ئارمىيە بار؟ دەپ سورايدۇ.

شياۋۋا «نىمە دەپ جاۋاپ قايتۇرسام بولۇدىكىن!» دەپ ئويلۇنۇپ قالىدۇ، كېيىن دەرھال باللار ئەتونلىدە تۈزگەن «بەش تۇرلۇك»، «ئەھدىنامە»، ئۇنىڭدا يېزىلغان «دۇشمەنگە يول باشلىمايمەن، دۇشمەنگە راستىنى ئېيتمايمەن» دېگەن ۋەدىلىرى يادىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، دۇشمەنگە ھىلە ئىشلىتىشكە باشلايدۇ.

دۇشمەننى ئالداش توغرىسىدا مەندىن ئاڭلىغان ھېكايىلىرى يادىغا كېلىپ، قاراقچىلارغا:

— 8 ـ ئارمىيە كوپ ـ كوپ بار. — دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

شياۋۋانىڭ بۇ جاۋابى ئۇلارغا كۇتۇلمىگەن يەردىن چىققان دەك بولۇپ تويۇلۇدۇ. ئۇلار بويىنلىرىنى قىڭغايتىپ، كوزلىرىنى شىپىلدىتىپ، دەرھال يەنە سوراشتۇرۇپ كېتىدۇ.

— كوپ ـ كوپ بار!؟ قاياققا كەتتى؟

شياۋۋانىڭ كوڭلى بىر ئاز ئورنىغا چۈشۈپ:

— بۇياققا كەتتى — دەپ، ژۇگۇرگەن بولۇپ ئىشارە بەلەن جەنۇپنى كورسۇتۇدۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭ «راستىنى ئېيتىپ» «سادىقلىق» قىلغىنى ئۇچۇن ناھايىتى خوشاللىنىپ:

— بالا، ياخشى، ياخشى! ئۇلاردا ئاشلىق بار؟ — دەپ سورايدۇ.

شياۋۋا ئەمدى قىلچە قورقمايدۇ، ئۇ، ئادەتتە تىپاتر قويـ

غاندا قاراقچىلارنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېتىلىدىغان سوزلەرگە ئوخ-
شۇتوپ:
—ئاشلىق ئاز-ئاز بولغان، يەپ تۇگەتكەن،—دەپ جا-
ۋاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ تىنىك ھەركەتلىرىدىگە قاراپ قاراقچىلار
قاقاخلاپ كۇلۇپ كېتىشىدۇ.
شياۋۋانىڭ قاراقچىلاردىن ئاجرالغۇسى كېلىدۇ. لېكىن
قاراقچىلار قويۇەتمەيدۇ. قاراقچىلار ئۇنىڭغا بىردەم ئات باق-
تۇرۇدۇ. كېيىن بىر قاراقچى ئۇنى باشلاپ، يېزىنىڭ چېتى-
دىكى دافا ھەدىنىڭ ئويىگە ئېلىپ بارىدۇ.
دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە، قورۇنىڭ ئىچىدىن بىر
پۇراق كېلىدۇ. دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىش بىلەن قورۇنى
تولدۇرۇپ، پۇرقىراپ ئۇچۇپ ژۇرگەن توخۇنىڭ پەيلىرىنى
كورۇدۇ. ئويىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بۇزۇلغان غەلۋۇر، كۇرە
ۋە بوشىغان كونسىرۋا قاچىلىرى ياتىدۇ. ئوچاق ئالدىدا ژىغ-
لامسىرەپ سۇ قاينىتىپ ئولتۇرغان دافاھەدىدىن باشقا ھېچكىم
كورۇنمەيدۇ. ئويىنىڭ ئىچىدە خۇددى كالىدەك پۇشۇلداپ،
غەرقمەس ئۇخلاۋاتقان ئىككى قاراقچىنى كورۇدۇ. تاماق ئۇس-
تولىدە دوگىلاپ قويۇلغان كونسىرۋا، قاتلىمنان ۋە بوشىغان
ھاراق بوتىلكىلىرى تورۇدۇ. قاتلىمنانلارنى كورۇش بىلەن
شياۋۋانىڭ كوزى قىزىرىپ قوساقلىرى بىژىلداپ كېتىدۇ.
ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئېچىقاپ كەتكەنلىگىدىن، يالماپ يەۋاغىسى

كېلىپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇ يەنە بىرنى يادىغا كەلتۈرۈپ: بىر نەچچە قاتىلمىنى قانداق قىلىپ ئوغۇرلاپ ئېلىپ چىقىشقا بولار؟ دەپ ئويلۇنۇدۇ. لېكىن بۇنىڭغا ھېچقانداق چارە تاپالمايدۇ.

دافاھەدە ئۇنى كۆرۈش بىلەن چۆچۈپ كېتىپ، كېيىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆزىنى توختۇتۇپ ئالدۇ-دە، شياۋۋانى «سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئوتۇن ئەكىلىشىپ بەر.»-دەپ چاقىرىپ ئالدۇ.

ھېلىقى قاراقچى ئويگە كىرىپ يالغۇز ئۆزى يېرىم بوتىلكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، كونسېرۋادىن بىرنى يەۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇدۇ. شياۋۋاغا يېرىم قاتىلمىنى سۇنۇپ:

—ھەي، بالا! مانى يەپ، ئاتقا ياخشىلاپ قارا، بولمىسا كېتەر ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈمەن!—دەپ شياۋۋاغا پەش قىلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

شۇ ۋاقىتتا دافاھەدە شياۋۋاغا شىۋىرلاپ:

—خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئەترەت باشلىقى لاۋخېي قۇربان بولدى. قالغانلىرى قوشۇنىنىڭ ئۆيى ئارقىلىق يەر ئاستى يولىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزى ياخشى بېكىتىلمەي تۇرۇپلا، قاراقچىلارمۇ قورۇغا بېسىپ كىرىپ كەتتى. ئۇلار يەر ئاستى يولىغا ئىتتىشا-ئىتتىشا كىرىپ كەتتى. قاراقچىلار يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى كۆرگەن بىلەن كىرىشكە جۈرئەت

قىلالمىدى. قېزىــپ كورگــەن بولسىمۇ، يولــنى تاپالمىدى. ئاندىن بىر قانچە قېتىم سىپسىق گاز (زەھەرلىك گاز) ئېۋەتتى. كېيىن قانداق بولدى، ئۇخمۇدۇم. ـــ دەپ نۇرغۇن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن قاراقچىلارنىڭ ئەسكىلىكىنى، بېقىپ ئولــتۇرغان بەش توخۇسىنى شۇ بەدبەخلەرنىــڭ سويۇپ يەپ كەتكەنلىكىنى... ئېيتىدۇ. شياۋۋا ئوز ھېساۋى بىلەن بولۇپ، تىپ ـ تېچ تىڭشاپ ئولتۇرۇدۇ، كېيىن تۇيۇقسىزلا، بىر نەرسىنى كورۇپ قالغاندەك، دافاھەدىنىڭ سوزىنى بولۇپ ئۇنىڭ قۇـ لۇغىغا:

ـــقاراقچىلار چوپ لاپىسنىڭ تىگىدىكى ئوڭكۇرنى ئاشتىمۇ؟ ـــدەپ سورايدۇ.

دافاھەدە ئۇن چىقارماستىن، بېشىنى چايقايــدۇ ۋە «قېـ چىپ كەت.»ـــدەپ ئىشارەت قىلىدۇ.

قازاندىكى سۇ «پۇرۇخلاپ» قايناشقا باشــلايدۇ. شياۋۋا بۇنى «ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت» دەپ ئويلايدۇ. ئۇ، بىــر چىنىگە قايناق سۇ قۇيۇپ، قاراقچىلارغا بېرىش ئۇچۇن ئويگە كىرىپ، ھېلىقى ئىككى قاراقچىنىڭ ئولۇكتەك ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كورۇدۇــدە دەرھال بىر قۇتا كونسېرۋىنى يانچۇقىغا سالــدۇ، يەنە بىر نەچچە قاتلىمىنى يوگەپ قوينىغا تىقىپ ئاستا چىقىپ كېتىــدۇ. ئۇ، دافا ھەدىگە خوش ئېيتىدۇ ـ دە ئۇچقانــدەك يېرىپ چوپ لاپىسنىڭ تىگىدىكى ئوڭكۇر بىلەن يەر ئاســتى



www.uyghurkitap.com

يولغا تۇشۇدۇ. ئۇ يەر ئاستى يولىنىڭ بۇ ئاغزى يېزىنىڭ شى-
مالىدىن 2 يول ژىراقلىقتىكى داداۋگو سايلىغىغا چىقىدىغانلىغىنى،
ئۇ يەرگە يېتىپ ئالغاندىن كېيىن ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر-
نىڭ بولمايدىغانلىغىنى ئوبدان بىلەتتى. شياۋۋا ئۆزىنىڭ
ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىغانلىغىنى ئويلىغانسىرى خوشاللىنىپ، يەر
ئاستى يولى بىلەن ئالغا قاراپ ئومىلەپ ماڭىۋېردى. بۇيول
يېقىن ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك ئومىلەپ مېڭىشمۇ ئاسان ئىش
ئەمەس، ماڭە-ماڭ. ئۇ، ئومىلەپ ماڭىۋېرىپ، تىزىنىڭ يېغىر
بولۇپ كەتكىنىنى يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىغا چىققاندا بىراقلا
بىلدى.

★ ★ ★

شياۋۋا سوزلەپ بولغاندىن كېيىن، بىز نىمە قىلىشىمىزنى
ۋە نىمە دېيىشىمىزنى بىلمەي ئېغىر بىر تىنىدۇق-تە، جىم ئول-
تۇرۇپ قالدۇق. مەن شياۋۋانى مەھكەم قۇچاغلاپ ئالدىم.
بىز ھەممىمىز شياۋۋانىڭ ئېلىپ كەلگەن ئولجىسىنى يېدۇق،
بىر تەرەپتىن شياۋۋانىڭ ھېلىقى ئېيتقانلىرى خۇددى كىنو
فىلىمگە ئوخشاش بىر-بىرلەپ كوز ئالدىمىزدىن ئوتۈۋاتقان-
دەك بولۇپ تۇيۇلدى. مەن تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۇسسۇغان
چاغدا، شياۋۋانىڭ قۇچۇغىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقانلىغىنى باي-
قىدىم. ئۇنىڭ ئالمىدەك يۈزىنى چاڭ باسقانىدەك بولسىمۇ،
لېكىن كوڭلىدىكى غەلبە خوشاللىغىنى ياپالمىدى.

www.uyghurkitap.com

# 4. ھايات ـ مامات بوسۇغىسى

دۈشمەننىڭ ئەھۋالى بىز ئويلىغاندەك بولمىدى.

دەسلەپتە بىز دۈشمەن ئىلگىركى بىر قانچە قېتىم ژۇر-گۈزگەن «تازىلاشقا» ئوخشاش بىر نەچچە كۈن قالايمىقان قىلىدۇ ـ دە قاچىدۇ ـ دەپ ئويلىغان ئىدۇك. لېكىن بۇ قېتىم-قى «تازىلاش» ئۇنداق بولماي چىقتى. بۇقېتىم بۇرۇنقىغا قار-غاندا دۈشمەننىڭ ھەربىي كۈچى كوپ، ۋاختى ئۇزۇن، ئۇ-سۇللىرىمۇ باشقىچە بولدى. دۈشمەن كۈندۈزلىرى ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلىرىنى بىر نەچچە قىسىملارغا بولۇپ «تازىلاش» تورىنى قەۋەت ـ قەۋەت قۇردى؛ كېچىلىرى بىرقانچە يېزىغا ژىغىلىشىپ بىر ـ بىرىگە ھە ـ ھۇ قىلىپ تۇرۇدىغان بولدى. بىزنىڭ ژۇقۇرى بىلەن ۋە باشقا يولداشلار بىلەن بولغان مۇ-ناسىۋىتىمىز ئۈزۈلدى. ئەھۋالدىن خەۋەرسىز قالدۇق. ھەر تەرەپتىن قاچقانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ چىچۋاڭ يېزىسى-دىكى ئويمانلىققا كېلىپ ژىغىلىشتى. ئەھۋالغا قارىغاندا، ئەتراپ-تىكى ئون نەچچە يوللۇق يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دۈشمەن بار-دەك قىلىدۇ. خەلق ئەسكەرلىرى نۇرغۇن زىيانغا ئۇچراپتۇ، نۇرغۇن ملتىق چىقىم بوپتۇ؛ چىچۋاڭ يېزىسىدا پەقەت ئۇچلا ملتىق قاپتۇ، ئۇ، بولسىمۇ، ئورنىغا كومۇكلۇك. بىز بۇ يېزىنى

قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن مۇشۇ يەردە تورۇۋېرىشكە قارار قىلدۇق. لېكىن ئويمانلىقتا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇشنىڭمۇ ئورنى بولمىدى، بۇنداق بولغاندا، بىر تەرەپتىن ئاممىدىن ئاجراپ قېلىشقا توغرى كېلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەن بىزنىڭ ئەسكەرلەرنى قولغا چۈشۈرەلمىگەندىن كېيىن ئويمانلىقلارنى تېنتىشى مۇمكۈن.

ئەھۋال بارغانسىرى ئېغىرلاشتى. دۈشمەن ھازىرچە كېتىدىغاندەك ئەمەس، ھەتتا كېيىنچە ئۇلار قاراۋۇل مۇنارلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. پەقەت چېچەۋاك يېزىسىنىڭ ئەتراپىغىلا 7—8 قاراۋۇل مۇنارىسى سالدى. ئۇلارنىڭ ژىراقلىرى يېزىدىن 10 يول، يېقىنلىرى پەقەت بىر يول كېلىدۇ. قاراقچىلار خائىنلار بىلەن كۈن بويى يېزا - يېزىدىن ئىشلەمچى تۇتۇش، ئويلەرنى بۇزۇپ خىش ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرى ئېلىش، باغلىنىش ياسايدىغان ئادەملەرنى ئېلىش، قورچاق ئۇيۇشمىلارنى قورۇش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. بىزنىڭ ناھىيە ۋە رايونلاردىكى پارتىزانلار بىلەن يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلاتلار ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى. پومېششىك - زومىگەرلەر كۈن بويى پوگېتىپ يەرجاھانغا پاتماي ئالچاڭلاپ ژۈرۈدىغان بولىۋالدى؛ خەلقنىڭ كوڭلى تېخىمۇ ئالاڭ بولۇشقا باشلىدى. بۇ كۆرەشنى ئېگىلەپ ئېلىپ پېرىش قىيىن بولدى، كونائۇسۇللار ئىشقا يارىماي قالدى،

كۇرەش ئۇسۇللىرىنى يېڭىلاشقا توغرى كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۈشمەندىن كۈندۈز يوشۇرۇنۇپ كېچىلىرى ئىشلەيدىغان بولدۇق. خەلق ئەسكەرلىرىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈش — دۈشمەنگە كېچىسى بۇلغۇنچىلىق توغدۇرۇش، تەتۈرھەركەتچى پومېش- شىك — زومىگەرلەرنى بېسىقتۇرۇش، ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى باشلانغۇچ تەشكىلاتلارنى تەرتىپكە سېلىش، قۇرچاق ئالاقچىلارغا ۋە قۇرچاق ئۆيۈشمىلاردىكى كىشىلەرگە تەربىيە بېرىپ، ئۇلارغا دۈشمەننى ئالداش يولىنى ئۆگىتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندۇق. شۇنداق قىلىپ بىز چېچىلاڭ يېزىسىدا تۇرۇۋەدۇك. لېكىن ئوتمۇشتىكىدەك ھېمىشەم بىر يەردە ئە- مەس، ئورنىمىزنى ئالماشتۇرۇپ تۇردۇق. مەيلى كىمنىڭ ئۆيىدە بولمايلى، بىزنىڭ مەخپىي قاراۋۇلىمىز يەنە شۇ شياۋۋا بولدى. ئۇ، ئوقۇشتىن قالدى. كۈن بويى كوچىدا بىزگە قاراۋۇللۇق قىلىپ بېرىدۇ. بىز ھېمىشە ئۇنىڭ كوچىدا تۇرۇپ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «ئاپا»دەپ سوزۇپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىغان زامان، دۈشمەن كەلدى دەپ بىلىمىز — دە دەرھال يەرئاستى يولىغا چۈشۈمىز. شۇنداق قىلىپ، شياۋۋانىڭ ياردىمى بىلەن ناھا- يىتى خاتىرجەم تۇرۇۋەدىغان بولدۇق.

بىر كۈنى كېچىدە بىزلاۋەدۇەن، لاۋما ئۈچىمىز دۈشمەنگە بېرىلىپ كەتكەن بىر پومېشچىكنى بېسىقتۇرۇشقا بېرىپ، باش توخۇ قىچقىرىشقا يېقىن قالغاندا چېچىلاڭ يېزىسىغا قايتىپ كەل-

ىدۇك. يول ئوزگەرتىش ئۇچۇن بىز بىر يېڭى «قورغانغا»[1]
— شياۋگۇينىڭ ئويىگە كېلىپ ياتتۇق. بىز ئەمدىلا تاتلىق ئويقىغا كەتكەن ئىدۇك، توساتتىن ئوي ئىگىسى بىزنى ئويغۇتۇپ:

— بايام دەرەخلەردە ئولتۇرغان قارغىلار قاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. كوچىدا بىرسى ژۇرگەندەك قىلدى. شۇنچە ئەتىگەندە تۇرۇۋالغان كىمكىنە؟ — دېدى — دە بىزگە تەييارلىنىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. بىز دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇق. لېكىن تاشقىرىدىن ھېچقانداق ھەركەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. مەن، بىز يېزىغا ھازىرلا كەلدۇق، تېخى بىرسى بىلىپ قالغىدەكمۇ بولمىدى، بۇ ئوي ئىگىسىنىڭ ئارتۇقچە ئېھتىياتچانلىقى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلۇدۇم — دە، بىر ئاز بوشۇشۇپ، يەنە ئازراق ئۇخلاپ ئالماقچى بولدۇم. شۇ چاغدا توساتتىن «ۋاڭ» قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، كەينىدىنلا تاراخلاپ ئېچىلغان ئىشىكنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى — دە، ۋاراڭ — چۇرۇڭ بولۇپ قىقاس يېغىپ كەتتى. بىز لاۋدۇەن ئىككىمىز يەر ئاستى يو-

---

① ياپونغا قارشى ئۇرۇش ۋاختىلىرىدا، ياپونغا قەتئىي قارشى تۇرۇدىغان، سادىق، ئىشەنچلىك، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە 8-ئارمىيىنى قەتئىي ھىمايە قىلىدىغان، ياپونغا قارشى خىزمەتچىلەرنى ھىمايە قىلىدىغان، ئادەم ۋە ئائىلىلەر «قورغان» دەپ ئاتىلاتتى.

لىغا ئەمدى چۇشۇپ تۇرۇۋشىمىزغا، بىزنىڭ دەرۋازا ئېچىلىپ، ھويلىغا بىر نەچچە نەيزە تۇتقان خائىنلار بىلەن قاراقچىلار كىرىپ كەلدى. شياۋگۇي ۋە ئۇنىڭ ئاتا ــ ئانىسى ئالدىراپ ــ تىنەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كەتتى. يەر ئاستى يولىغا لاۋما كىرىپ ئولگۇرۇشكە، ئۇيگە ئىككى قاراقچى كىرىپ كېلىپ، يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى كورۇپ قالدى. بىز ئالدىراپ ئىچكىرىگە قاراپ ئومۇلەۋەدۇك، توپ ــ توغرى 3 ــ 4 غۇلاچ يول ماڭغان چاغدا، لاۋدۇەنىنىڭ ئۇمىتسىز ھالدا:

ــ يامان بولدى! خالتا يولغا كىرىپ قالدۇق! ــ دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ژۇرۇگۇم جىغ قىلىپ قالدى.

ــ خالتا يولغا كىرىپ قالدۇق! ــ مەن ئالدىراپ ئىككى قەدەم ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېدىم، دېگەنىدەك توسۇلۇپ قاپتىمىز. مەن بارلىق دىققىتىم بىلەن: «بۇ بۇنداق خالتا يول بولماسلىق كېرەك، مېنىڭ بىلىشىمچە بۇ يەر ئاستى يولىنىڭ توپ ــ توغرى چوڭغا ئېلىپ بارىدىغان ئىككىنچى يولى بولۇش كېرەك» ــ دەپ ئويلىدىم، لېكىن بۇنى بىز ھېچقايسىمىز بىلمەيدىكەنمىز. بۇرۇنراق چۇشۇپ «يېپىق ئېغىز»① لارنى بىر قۇر كوزدىن كوچۇرمەي شياۋگۇينىڭ دادىسىغىلا ئىشىنىپ، بىخۇتلىشىپ قالغانلىقى

① يېپىق ئېغىز ــ ئادەتتە بىلمەيدىغان قىلىپ سىرتىنى سىلاپ قويۇپ، كېرەك بولغاندا ئېچىپ، يەر ئاستى يولىنى بىر ــ بىرىگە تۇتاشتۇرۇدىغان ئىشىك.

مىزغا ئەجەپلەندۇك؛ شياۋگۇينىڭ دادىسى بولسا، ئۆلگۈرمەي قالدى، ئەمدى نىمە قىلىش كېرەك؟ بىز يېپىق ئېغىزنى تېپىش ئۈچۈن يەر ئاستى يولىنىڭ ئىككى تېمىنى سىلاشتۇرۇپ، نەم توپىلارنى قولىمىز بىلەن تىرمىلاپ باقتۇق، لېكىن ئۇمىدتىن نىشان يوق ئىدى. بىز ئۈمىتسىزلەندۇك! كوڭلۇم بۇزۇلدى. بېشىمىزغا ئېغىر بىر غەم چۈشتى، مەن «قۇربان بولۇش ۋاختى يەتتى» دېگەن خىيالغا كەلدىم. قولىمىزدىكى ھۆججەتلەرنى ئۈچۈمىز بولۇپ يەۋەتتۇق. ملتىققا بىر نەچچە تال ئوقنى ئار- تۇق سالدۇق - دە،دۇشمەن بىلەن بولۇدىغان كۈرەشنى كۈتۈپ تۇردۇق. قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگى ئۆزىمىزگە مەلۇم ئىدى، لېكىن بىكارغا ئۆلگىمىز كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ بىزلام - مىم دەپ ئېغىز ئاچماستىن جىم - جىت تۇرىۋەدۇك. مۇشۇ ۋاختتا مېنى جىددىي خىياللار كېلىپ باستى: ناھىيىلىك كومىتېتتىكى لاۋجاۋ، لاۋگولار كوز ئالدىمغا كەل- دى؛ شياۋلى، لاۋجاڭ ...... قاتارلىق نۇرغۇن سۆيۈملۈك يول- داشلىرىم، يېزا باشلىغى ۋە نۇرغۇن ئوي ئېگىلىرى، ھەدىلىرىم كوز ئالدىمغا كەلدى؛ تېتىك ۋە سۆيۈملۈك شياۋۋانى ۋە ئو- يۇملىكى قېرى دادامنى ...... ئويلاپ كوڭلۇم بىر ئاز بۇ- زۇلدى: «ياق، بۇنداق قىلىش يارىمايدۇ! بۇنداق ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق! بۇنىڭ ئورنىغا، بىكار ئولۇپ كەتمەستىن، بىر نەچچە دۇشمەننى ئارتۇغراق ئولتۇرۇپ كېتىشنى ئويلاش كې-

رەك ! » دېگەن خىيالغا كەلدىم ۋە ئۆزەمنىڭ بىر كوممۇنىست
ئىكەنلىگىمنى يادىمغا ئېلىپ، ئۆزەمنى ئۆزەم تەكشىدىم. شۇنىڭ
بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزەمنى تۇتۇشقا باشلىدىم. شۇ ۋاختتا
ئۈستىمىزدە دوپپۇرلىگەن ئاياق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى، يەر
ئاستى يولىنىڭ ھاۋا كىرىدىغان تۇشۇكلىرىدىن كىشىلەرنىڭ
ۋايىجانلىغان ، ئىنجىقلىغان ئاۋازلىرى، ئۇرغان تاياقنىڭ ئاۋاز-
لىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز قورشاۋنى قانداق بۇزۇپ چە-
قىش توغرىسىدا كېڭىشىپ، ئۇزاق مۇزاكىرىلەشتۇك. شۇ ۋاختتا
بىزنىڭ بىردىن ـ بىر ئارمىنىمىز يېنىمىزدىكى لاۋلياڭنىڭ ياكى
شياۋۋانىڭ ئۆيىگە چىقىپ، شۇيەردىن يەر ئاستى يولىغا چۈشۈش
بولدى. ئۇيەردىكى يېپىق ئېغىزلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتۇك، ئەگەر
يەردىكى تەرەپ ـ تەرەپكە تارىلىپ كەتكەن يەر ئاستى يولىغا
كىرىۋالساق، قاراقچىلار پۈتۈن چېچجۇاڭ يېزىسىنى ئاغدۇرۇۋەتسىمۇ
تاشلىمىسا، 10 كۈن قازغان بىلەن تاپالمايتتى. ئاخىرى بىز «ئاۋال
لاۋما مۇھاسىرىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ چوڭ دەرۋازا بىلەن لاۋ-
لياڭنىڭ ئۆيى تەرەپكە بارسۇن-دە، لاۋدۇەن ئىككىمىزگە ھې-
مايىچى بولسۇن؛ لاۋدۇەن ئىككىمىز غەربتىكى پاكار تامدىن
سەكرەپ چىقىپ، شياۋۋانىڭ ئۆيىگە بارايلى» دېگەن قارارغا
كەلدۇك. شۇنىڭ بىلەن بىزدە يەنە ئۈمىت تۇغۇلدى. شۇن-
داق خىيال بىلەن ئولتۇراتتۇق ، تۇيۇقسىزلا سول تەرەپتىكى
ئۈستىمىزدىن «گۈپ ـ گۈپ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، دۈشمەن-

www.uyghurkitap.com

نىڭ يەر قېزىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى . «دۈشمەن يەر ئاستى يولىنى قېزىۋاتىدۇ!» دەپ ئويلىدۇق . بىز يەنە ئالدىراپ قالدۇق ، ژۇرۇگىمىز «پوكىلداپ» كەتتى. ئوكگۇرنىڭ ئاغزى تەرەپتىن دۈشمەن قويۇپ بەرگەن ئىسنىڭ پۇرۇقى كېلىشكە باشلىدى. يەر ئاستى يولىنىڭ ھاۋاسى ئاستا ـ ئاستا شالاڭلىشىپ تۇنجۇقۇشقا باشلىدۇق. ئۈستىمىزدىن ئاڭلانغان ئاۋازلارمۇ بارغانسىرى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ھايات ـ مامات بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق! تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ پۇتىمىزنىڭ تېگىدىمۇ توپا قېزىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باشتا بىز بۇنىڭغا ئىشەنمىدۇك، كېيىن تېگىمىزدىكى توپىلارقوزغۇلۇشقا باشلىدى. يول ئېچىلدى! دەپ ۋاقىرىۋەتتىم، خوشاللىنىپ كوڭلۈم يورۇپ كەتكەندەك بولدى. كەينىدىنلا يەنە بىر نەچچە قېتىم«گۈپ ـ گۈپ»قىلىپ قالدى ـ دە يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

ــــ ھاكىم! ھاكىم ــــ دەپ ۋاقىرىغان بىر بالىنىڭ ئاۋازى چىقتى. بىز گۇمانلىنىپ، مىلتىقلىرىمىزنى ئوڭكۇرنىڭ ئاغزىغا بەتلەپ قويۇپ، جىم تۇرۇۋالدۇق.

ــــ ھاكىم! ھاكىم! مەن، شياۋۋا! ــــ دېگەن يەنە بىر نەچچە قىسقا ئاۋاز ئاڭلاندى . شياۋۋانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى ــــ ژىغلاۋاتقىلى تاسلا قالدىم.

بىز ئېچىلغان ئېغىزغا چۇشۇپ كەتتۇق، لاۋما دەرھال ئېغىزنى قايتىدىن ئېتىپ تاشلىدى . ھېچقايسىمىز بىر ئېغىزمۇ



www.uyghurkitap.com

سوز قىلماستىن جىم-جىت شياۋۋاغا ئەگىشىپ ئومىلەپ ماڭ-ۋەدۇك. شياۋۋا بۇ يولغا شۇنداق ئوبدان تونۇش، ئومىلەپ مېڭىشقىمۇ شۇنداق ئۇستىكەن: بۇرۇلا-بۇرۇلا، بىردەم ئېگىزگە بىردەم تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئېغىزدىن-ئېغىزغا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. يەر ئاستى يولىنىڭ باش-ئايىغى يوقتەك قىلىدۇ، شياۋۋانىڭ ئەپلىكلىكى شۇنچىلىككى — ئۇخۇددى بىز ئۈچ ئەپسىز بىلەن مۇسابىقىلەشكەندەك ئالدىمىزدا توختىماستىن كېتىۋاتىدۇ. ئەڭ ئاخىرى بىز ناھايىتى تار بىر ئېغىزدىن ئۆتۈپ، يەنە بىر يولغا چۈشتۇق-دە، ئومىلەپ بېرىپ بىر چوڭ ئۆڭكۈرگە كەلگەندە شياۋۋا توختىدى:

— خەۋپسىز يەرگە كەلدۇق! — دېدى ئۇ، ئېغىر بىر تىنىپ. كەينىدىنلا، سەرەڭگىسىنى ئېلىپ، تەييارلاپ ئالغان فانارنى ياقتى.

بۇ يول ناھايىتى ياخشى ياسالغان ئىكەن، ئۇنىڭ تىگىگە قېلىن بىر قەۋەت سامان يېيىپتۇ، ئىچى كەڭ — تاشا، ئورە ئولتۇرۇشقىمۇ، چوڭ — كىچىك ئۈچ كىشى قاتار يېتىپ ئۇخلاشقىمۇ بولغىدەك. بىز شۇيەردە ياتتىيىپ ياتتۇق. شياۋۋا بىزگە شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سوزلەشكە باشلىدى: دۈشمەن بىزنىڭ يەر ئاستى يولىمىزنىڭ ئاغزىنى كورگەندىن كېيىن، شياۋگۇينىڭ دادىسىنى ئۇرۇپ، يەرئاستى يولىغا كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ كىملىگىنى سورايدۇ، شياۋگوينىڭ دادىسى ئۇلارغا: — ئوزەم كىرمەكچى ئىدىم ئۇلگۇرەلمەي قالدىم — دېگەندىن باشقا ھېچنەرسە ئېيتمايدۇ. قاراقچىلار بۇنىڭغا ئىشەنمەستىن نۇرغۇن ئىشلەمچىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى قازدۇرۇدۇ. ئوتتۇن ئەكەلدۈرۈپ، ئوت يېقىپ يەر ئاستى يولىغا ئىس كىرگۈزۈدۇ. شياۋگوي دادىسىنى ئۇرۇۋاتقان چاغدا ئوغۇرلۇقچە قېچىپ چىقىدۇ — دە شياۋۋاغا ئېيتىدۇ. شياۋۋا بىزنىڭ بۇ يولغا تونۇش ئەمەسلىگىمىزنى بىلەتتى، بىزنى يېپىق ئېغىزلارنى تاپالماي قالمىسۇن دەپ قورقۇپ ئىزدەپ كەلگەن ئىكەن. دېگەندەك كېلىپلا ئېغىزنىڭ يېپىق تۇرغانلىغىنى كورۇدۇ ۋە دەرھال ئېچىشقا باشلايدۇ. ئۇ،

بىزگە: «بۇ ئۇچىنچى قەۋەتتىكى يەر ئاستى يولى»، قېلىنلىغى ئىككى غۇلاچتىن ئارتىدۇ، ئۈستىدە ياپون ئىمپىريالىستلىرىغا قارشى ئارمىيە ئائىلىسى ساۋلاۋۇنىڭ شمالىدىكى ئۆيى بار، ھاۋا كىرىدىغان ئاغزى تام ئۇلىنىڭ ① چوپ يېپىشتىلغان قىسمىدىن ئېچىلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزى يوق. قاراقچىلار بۇ يەرنى ئومۇر بويى تاپالمايدۇ، «بۇ ئەڭ خەتەرسىز جاي» دەپ چۈشەندۈردى.

بىز شياۋۋاغا تىكىلىپ قاراپ، جىم-جىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدۇق. ئۇ، «بۇ يەر ئەڭ خەتەرسىز جاي» دېگەن سوزنى خاتىرجەم ۋە خوشال ئېيتتى. شياۋۋا ھەقىقەتەن ماختاشقا ئەرزىيگىدەك ئىش قىلدى، ئۇ، ئوزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئۈچ سەپدىشىنى قۇتقازغانلىغى ئۈچۈن خوشاللاندى! بۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، «دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش» ئۈچۈن قىلغان كوزگە كورۇنەرلىك خىزمىتى! بەلكىم ئۇ، مۇنداق ئويلىمىغانمۇ بولۇشى كېرەك. بىز لاۋدۇەن ئىككىمىز ئۇنى مەھكەم قۇچاغلاپ ئىككى مەڭزىدىن سويدۇق.

شۇ كۈنى دۇشمەن كۈن بويى بەنت بولۇپ، كەچقۇرۇنلىغى ئاران كەتتى، يەر ئاستى يولىنىڭ ئۈچ يەردىكى ئاغزىنى تاپتى،

---

①خېبېي ئولكىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تۈزلەڭ رايوندا ئادەتتە ئۆي سالغاندا، تامنىڭ نەم تارتىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تام ئۇلىغا 2 ـ 3 گەز قېلىنلىقتا بىر قەۋەت چوپ ياكى قومۇچ ياتقۇزۇدۇ.

بىر نەچچە يەر ئاستى يوللىرىنى قېزىپمۇ كوردى، لېكىن قۇرۇق ئوڭكۇر بىلەن توپىدىن باشقا ھېچنەرسە تاپالمىدى.

## 5. باتۇر بالا

ئەھۋال بارغانسىرى ئېغىرلاشتى. پۈتۈن ناھىيە بويىچە بارى-يوقى يۈزدىن ئوشۇغراق يېزا بار ئىدى، دۈشمەننىڭ قاراۋۇل مۇنارلىرى بىلەن ئىستىھكاملىرى بولسا، 35 كە يەتتى. ئون يول ئارىلىقتا بىر ئىستىھكام، 5يول ئارىلىقتا بىر قاراۋۇل مۇنارى بولۇپ كەتتى. خەندەكلەر ئۇزۇنسىغا-توغرىسىغا سوزۇلۇپ، ھەممە يەرنى قەۋەت-قەۋەت مۇھاسىرە لىنىيىلىرى قاپلاپ كەتتى. ناھىيىنى ئايلاندۇرۇپ كەڭلىگى ئىككى غۇلاچ، تېرەنلىگى بىر غۇلاچ كېلىدىغان خەندەكلەر قېزىلدى، مۇشۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئاساسىي كۈچىمىز يوتكۇلۇپ كەتكەن ئىدى، كۈرەش فورمىسى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، دۈشمەنگە قارشى قۇراللىق كۈرەشنى قولدىن بەرمىگەندىن تاشقىرى، ئىنقىلاۋىي ئىككى ياقلىما سىياسەت① قوللىنىپ كۈرەش ژۈرگۈزۈشكە توغرى

① ئىنقىلاۋىي ئىككى ياقلىما سىياسەت — ئوتتۇرا خېبېيدە دۈشمەننىڭ كۈچى ئۈستۈن بولغان شارايىتتا قوللانغان سىياسەت. ئۇنىڭ ئۇسۇلى: دۈشمەن تەرىپىدىن تەشكىل قىلىنغان باشلانغۇچ قۇرچاق تەشكىلاتلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، ئۇ تەشكىلاتلارنى دۈشمەنگە دۇۋاپىقلاشتۇرۇپ،

كەلدى. ناھىيىمىزدىكى ناھىيىلىك پارتىزانلار ئەتىرىدى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى دۈشمەننىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئۇلارنى قوراللاندۇرۇپ ئەكسىگە كەلتۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن خىزمەتكە ئايلاندى؛ قوراللىق كۈرەشنىڭ ياردىمى بولمىغاچقا ئىككى ياقلىما سىياسەت ھەم ئاجىزلاشقا باشلىدى. ئوتتۇرا خىبېيدە جاپاغا چىداپ تۇرۇپ، ئۇزاق ۋاقىتلىق كۈرەش تەييارلىقى قىلىشقا توغرى كەلدى. بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىدىغانلىقى روشەن ئىدى. مۇشۇ مۆلچەرلەش توغرى بولۇپ چىقتى. سىنتەبىردە دۈشمەن بىزنىڭ ناھىيىمىزدە غالجىرلارچە «تازىلاش» ژۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

قاراقچىلار ياماستىنانىڭ ئەترىدىنى ئېلىپ كەلدى. ئاڭلىشىمىزچە: ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ شىمالىي جۇڭگودىكى داڭلىق شىپون ئەترىدى بولۇپ، ئۇنى ياپونىيىنىڭ كوناشىپونى ياماموتو ئۆزقولى بىلەن تەربىيىلەپ چىققان ئىكەن. دېگەندەك، ئۇلار ھەم زەھەرلىك ھەم ياۋۇز ئىكەن: ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى يوشۇرۇن ئىشلەيدىغان تەشكىلاتلارنى ۋەيران

---

دۈشمەننىڭ كوزىنى بوياش؛ يەنە بىر تەرەپتىن بۇ تەشكىلاتلارنىڭ قانۇنىيلىقىدىن پايدىلىنىپ، ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى خىزمەتنى ھىمايە قىلىش، بەزى چاغلاردا بۇ قورچاق تەشكىلاتلارغا كىشى كىرگۈزۈپ، ئۇنى قولغا ئېلىۋېلىش؛ ياكى ئۇنىڭ لىگاللىقىدىن پايدىلىنىپ ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى ژۈرگۈزۈلگەن خىزمەتلەرنى ھىمايە قىلىش.

قىلىپ، چوڭ قۇرچاق يېزا ①، «ئۆزىنى ئۆزى قوغداش ئەترىتى» ۋە «يېڭى خەلق تەشكىلاتى» ناملىق شپىئونلۇق تەشكىلاتلارنى قۇردى؛ خائىنلارنىڭ، شپىئونلارنىڭ كورسۇتۇشى بىلەن يەر ئاستى يوللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ باش-لانغۇچ تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ كوپچىلىگى ۋەيران بولدى، قال-غانلىرى تامامەن يوشۇرۇن خىزمەتكە كوچتى، بىزنىڭ ناھىيىلىك ۋە رايونلۇق كادىرلىرىمىزمۇ ئۇزلۇكسىز زىيانغا ئۇچراپ تۇردى، پەقەت چىجۇاڭ يېزىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى ئايغا يەتمەستىن، قۇربان بولغان ياكى تۇتقۇن بولغانلىقتىن پارتىزان ئەترىتىنىڭ باشلىغى، سىياسىي رەھبەر، رايون باشلىغى ۋە رايونلۇق كومىتېت سېكرېتارى 3 قېتىم يەڭگۈشلەندى. دۇشمەن ياپونلار بىلەن خائىن ۋاڭجىڭۋېينىڭ «لىيەنجېجۈەن» ② پۇلىنى ھەركۈنى مىلليونلاپ چېچىپ، بىزنىڭ پارتىيىنىڭ ۋە ناھىيىلىك ھوكۇ-مەتنىڭ مەسئۇل خىزمەتچىلىرىنى تۇتقۇنغا ئېلىشقا باشلىدى. كۇرەش ھەقىقەتەن قىيىنلاشتى. لېكىن دۇشمەن بىزنى قوغ-لىۋېتەلمىدى. چىجۇاڭ ئەتراپى شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ بازىمىز

① چوڭ قۇرچاق يېزا — دۇشمەن ئۆزىنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىشىغا ئوڭاي بولسۇن ئۇچۇن بىر نەچچە يېزىنى بىر چوڭ يېزا قىلىپ بىرلەش-تۇرۇپ، بىر قۇرچاق يېزا باشلىغى سايلىغان.

② ياپونىيە بىلەن قۇرچاق ۋاڭ جىڭۋېي ھوكۇمىتى بىرلىكتە چىقارغان قەغەز پۇل.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ تۇرىۋەدى.

يەر ئاستى يولىنىڭ كوپچىلىگىنى دۇشمەن بۇزۇپ تاشلىدى، بەزىلىرى بۇزۇلمىغان بىلەن، بۇرۇنقى بىزگە قورغان بولۇپ كەلگەن ئائىلىلەر ئاشكارە بولۇپ قالغانلىقتىن ئۇيەرلەردە تۇرۇشقا بولمايدىغان بولۇپ قالدى، بىز يەنە نۇرغۇن يېڭى قورغانلارنى قۇردۇق؛ كىچىكىرەك يەر ئاستى يوللىرىنىمۇ ياسىدۇق.

شارايىت بىزنى مەيلى كىمنىڭ ئويىدە بولمايلى، مەخپىيلىكنى چىڭ ساقلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئوي ئېگىسى بىلەن زورۇر بولىغان كادرلاردىن باشقا چەت ئادەملەرگە ئىمكان قەدەر بىلدۇرمەسلىككە توغرى كەلدى. ئۇزۇن ۋاختلارغىچە بىز شياۋۋانىڭ ئويىگە بارمىدۇق؛ لېكىن بىز نەدە بولايلى، شياۋۋا ئۇنى بىلەتتى، ئۇ، بىزگە رازۋېتكىلىق ۋە خەۋەر توشۇش خىزمىتىدىن تاشقىرى، بىزنىڭ«تەمىنات بولۇمىمىزنىڭ باشلىغى»بولدى. چۈنكى بۇبالىنىڭ پايدىلىق شارايىتلىرى كوپ ئىدى. قاراۋۇلدا تۇرۇشتا بولسۇن، خەۋەر يەتكۈزۈش ۋە ئوزۇق-تۈلۈك يەتكۈزۈش جەھەتلىرىدە بولسۇن ھېچنەرسىنى سەزدۇرمەيتتى، ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن باش تارتمايدىغان باتور ۋە ھۇشيار بالا ئىدى. شياۋۋا بىركۈنى ماڭا ئوزى ئېلىپ كەلگەن نانلىرىنى بېرىۋېتىپ:

— لاۋئۇ ئاكا! (مەخپىيلىكنى ساقلاش ئۈچۈن مېنىڭ شۇ ۋاختتا قوللانغان ئىسمىم«لاۋئۇ»دەپ ئاتىلاتتى) ئاپام سىزنى

بىزنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلسۇن دېدى. — دەپ شۇۋىرلىدى.

ئۇلارنىڭ ئۆيدىكى يەر ئاستى يوللىرىنى بىز ئاللىقاچان بىكىتىۋەتكەن ئىدۇق. بۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش قىيىن بولىدى. لېكىن مېنىڭ ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنى يەردە قويغۇم كەلمەي:

— ھازىر سىلەرنىڭ ئۆيدە يەر ئاستى يولى يوق، كېيىنچە ئەھۋال ياخشىلانسا يەنە كورەرمىز. — دەپ تەسەللى بەردىم.

— ياق! بىز ئاپام ئىككىمىز ئۇنىڭ چارىسىنى ئاللىقاچان تېپىپ قويغان، غەربىي تەرەپتىكى ئۆيدىن بىر ئېغىز كىچىك قاراڭغۇ بولمە ئاجراتتۇق؛ مۇشۇ قاراڭغۇ بولمىنىڭ ئىچىدىن بىر يەر ئاستى يولىنى قېزىپ چىقارساق، تامام خەۋپسىز بولمامدۇ؟ — دېدى.

ئويلاپ باقسام: شياۋۋانىڭ بۇ ئېيتقانلىرىنىڭ ئاساسى بار، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ غەربىدىن ناھايىتى مەخپىي بىر كىچىك قاراڭغۇ بۇلمە چىقارغىلى بولۇدۇ؛ ئەگەر مۇشۇ يەردىن ئوڭكۇر قېزىلىپ، بۇزۇلمىغان خالتا يەر ئاستى يوللىرىغا تۇتاشتۇرۇلسا، ئۇۋاختتا ئۇ، خالتا يەر ئاستى يوللىرىغا قارىغاندا كوپ خەۋپسىز بولۇدۇ. مەن يەنە بىرئاز ئويلاپ كوردۇم: ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىلگىرى ئاشكارە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇندىن بېرى خىزمەتچىلەرنىڭ ھېچقايسى ئۇيەرگە بارمىدى، ھېچقاندىاق ۋەقەمۇ يۈز بەرمىدى. ئەگەر مەخپىي رەك تۇتساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆي ئىگىسىنىڭ شارايىتى ياخشى بولغانلىقتىن،

بۇ يەنە ناھايىتى ئىشەنچلىك «قورغان» بولىدۇ دېگەن خىيالغا كېلىپ رازىلىق بىلدۈردۈم.

بىز ئىشنى باشلاشنىڭ ئالدىدا مۇنداق بىر پىلان تۈزدۇق: ئىمكان قەدەر مەخپىيلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، يەر ئاستى يولىنى قېزىشقا پەقەت مەن، لاۋدۇەن، لاۋما، شياۋۋا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بەشىمىزلا قاتنىشىدىغان بولۇپ، سىرتتىن ئادەم قوشمايدىغان بولدۇق.

يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزى تامدىن چىقىرىلىدىغان بولدى. بۇ بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتىكى يېڭى ئىجادىيىتىمىز ئىدى. بۇنىڭدا قوللانغان ئۇسۇلىمىز، چوپ ياتقۇزۇلغان تامدىن 10 نەچچە خىشنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئوخشىلارنى سىم تومۇر بىلەن تاختايغا تىكىپ ئېغىز ياسىماقچى بولدۇق. يەر ئاستى يولغا چۈشۈپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ياپقاندا ئەسلى بۇرۇنقى خىشقا ئوخشاش بولۇپ كۆرۈنىدىغان، بىرسى ئېيتمىغىچە بىلمەيدىغان قىلىپ، نەپىس ئىشلەيدىغان بولدۇق. بۇ ئىجادىيىتىمىزنىڭ ئىككى تۈرلۈك پايدىسى بار ئىدى: بىرىنچىدىن، يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزى يەردە بولمىغاچقا دۈشمەن ئۇنى ئاسانلىقچە تاپالمايتتى. ئۇ يەرنى قانچە دۈكىلدەتكەن بىلەن ئاۋاز چىقمايتتى؛ ئىككىنچىدىن يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى باشقا بىرىنىڭ يېپىشى لازىم بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ھەم ئوڭاي ھەم تېز ئىدى. بۇنداق يەر ئاستى يولىنى خەلق

«مېخانىكىلاشقان يەر ئاستى يولى» دەپ ئاتايتتى.

بىزدە قېزىپ چىقىرىلغان يېڭى توپىلارنى قانداق يوشۇرۇش، ئەڭ قىيىن مەسىلە بولدى. ھازىرقى ئەھۋالدا، كوچىدا ياكى قورۇدا ئەگەر يېڭى توپا ئۇچرىسا، ئۇ ۋاختىتا ئىشنىڭ سىرى ئاشكارە بولۇپ قالاتتى. شپىئونلار بۇنى دەرھال دۇشمەنگە مەلۇم قىلىپ قوياتتى. ئاخىرى بۇنىڭ چارىسىنى شياۋۋا تاپتى، ئۇ «ھويلىدىكى بەيسەي ئورۇسىنى تىندۇرايلى» دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئوبدان چارە ئىدى، بۇنداق بولغاندا يېڭى توپىلار ھويلىدىن چىقمايتتى ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىرى ئاسانلىقچە ئاشكارە بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممىنى پىلانلاپ ئېلىپ، شۇ كۇنى كەچتە ئىشقا كىرىشتۇك.

ئىش باشلاش ۋاختىدا يەنە بىر كىچىك مەسىلە تۇغۇلدى. يېقىندىن بېرى دۇشمەن كېچىلىرى چىقىپ ئېلىشتۇرۇپ تۇرۇدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇن بىرىمىزگە ئوگزىگە چىقىپ قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرۇشقا توغرى كەلدى. «كىم چىقىدۇ؟» دېيىشتۇك، مەن: «شياۋۋا كىچىك، ئېغىر ئەمگەككە كۇچى يەتمەيدۇ، چوڭلار چىقسا ئەمگەك كۇچى زايا بولۇدۇ» دېگەن ئوي بىلەن شياۋۋانىڭ بېرىشىنى توغرى تاپتىم. لېكىن مەن بۇلارنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتمىدىم، پەقەت:

— شياۋۋا، سەن بارغىن! بۇ سېنىڭ ئۆگەنگەن خىزمىتىڭغۇ. — دېدىم.

شياۋۋا بېشىنى چايقاپ نارازىلىق بىلدۈردى-دە:

— خىزمەتتى ئالمىشىپ ئىشلەش كېرەك: نوۋەت لاۋتۇ ئاكامغا كەلگەندۇ! بويغا قارىماي، مېنىڭ يەر ئاستى يولىنى قانداق قېزىۋاتقانلىقىمغا قاراڭ! — دەپ ئۇمېنىڭ ئۆزەمگە ئېغىز ئاشتى. ئۇ، مېنىڭ بۇرۇن خىزمەت مۇناسىۋەتلىرى بىلەن ئەمگەككە ئاز قاتناشقىنىمغا قاراپ، ئىشلەلمەيدۇ، دەپ قورققان بولۇشى كېرەك. لېكىن مەن يەرئاستى يولىنى قېزىش ئىشىغا ئاز قاتناشمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پىكرىنى مەنمۇ ماقۇللىمىدىم.

لاۋدۇەن چوڭ ھەدىمىزنى ئېيۋەتىشنى تەكلىپ قىلدى، بۇنى چوڭ ھەدىمىزنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممىمىز ماقۇللىدۇق؛ لېكىن چوڭ ھەدىمىزمۇ «بۇ، ئاياللارنى كوزگە ئىلماسلىق» دەپ، ئۇنىماي قويدى. ئاخىرى مۇۋاپىق بىر چارە تاپتۇق، قاراۋۇلغا ئالمىشىپ چىقىدىغان بولدۇق. بۇنى ھەممىمىز ماقۇللاپ، ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق.

بىرىنچى كېچىدىكى نەتىجىمىز ئانچە ياخشى بولمىدى. چۈنكى، قاراڭغۇ بولۇمدە ئورۇن تار، ئادەم كوپ، ئەركىن ھەركەتلەنگىلى بولمىدى بولۇمنىڭ ئىشىگى تار بولغانلىقتىن، توپا توكۇشمۇ تەس بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لاۋدۇەننى ھازىرچە يەرئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى ياساشقا چىقاردۇق. بۇ كېچىلىك خىزمەتنىڭ ئۇتۇغى: ئۈچ كىشى سىققىدەك بىر ئورا قازدۇق، لاۋدۇەن



www.uyghurkitap.com

«مىخانىكلاشقان» يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى ياساپ چىقتى.
ئەگەر ئەمگەك باھالاشقا توغرى كەلسە، چوڭ كۈچ چىقارغان
شياۋۋا بولۇپ چىقاتتى. چۈنكى
4 ـ 5چى چوڭقۇرلۇقتا قازغاندىن
كېيىن ئوڭكۈرنى قېزىش
قىيىنلىشىپ كەتتى. چوڭ
كىشىلەرنىڭ ئورى تۇرۇشى
غىمۇ، تىزلىنىپ ياكى زوڭ ئولتۇرۇشىغىمۇ بولمى
دى. پەقەت يېنىچە ئولتۇرۇپ كىچىك كەكە
بىلەن ئازئازدىن قېزىشقىلا بولاتتى؛ شياۋۋا
ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ بويى كىچىك، ئېگىلەي
دىغان ئورنىمۇ ئاز، ھەركىتى ئەپلىك بولغانلىق
تىن ئۇ خۇددى ئورا قازغان چاشقانغا ئوخشاش،





بىر دەمنىڭ ئىچىدە يېرىم چى ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئۇنىڭ چىقار-
غان توپىسى ھەممىمىزدىن ئوشۇق بولدى. توخوچىللىدى، بىز
باشقا بىر يەرگە بېرىپ ئۇخلايدىغان بولۇپ. ئىشنى ژىڭشى
تۇردۇق. كېيىنكى ۋاختىدا مەن شياۋۋاغا:

— خەير، شياۋۋا! بۈگۈنكى ئەمگەك سېنىڭ بولغان
بولدى. — دېدىم.

— ماقۇل! خەير! — دەپ بىزنىڭ ئەمگىكىمىزنى مەنىستى-
مىگەندەك قىلىپ جاۋاپ قايتۇردى شياۋۋا.

بىز بۇنىڭغا ئۇدا ئىككى كېچە كىرىشىپ ئىككى غۇلاچتىن
ئوشۇق يەر كولىدۇق. بۇ ئىككى كۈن جەريانىدا ئۇنىڭ ئىچى
كېڭەيتىلگەنلىكتىن، بىز كۆچىمىزنى تولۇق ئىشلىتەلەيدىغان
بولدۇق. ئەمدى تېخىمۇ كۈچەپ ئىشلەشكە توغرى كەلدى،
يەر ئاستى يولى ئۇزاردى، خوشنا ئۆينىڭ ئاستىغا يەتكۈزۈلدى.
بۇنىڭ سىزىلىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاتتىق
تىۋىش چىقارمايدىغان بولدۇق. ھەركەتتە ئەپلىك بولۇپ،
كەكىنى توپىغا تىرەن پاتۇرۇپ، ئۈيۈپ ئېلىپ تۇردۇق.
بۇنداق بولغاندا بىر تەرەپتىن توپىنى كوپ چىقىرىپ، يەنە بىر
تەرەپتىن تىۋىش چىقارماسلىققا بولاتتى. مۇسابىقىدا شياۋۋا
بىزدىن ئارقىدا قالمىدى، لېكىن مېنى مەنىستىمەسلىكىنى
تاشلىدى.

3 — كۈنى كېچىدە بىز ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ياتتۇق. ئەمدى

يەنە ئىككى كۈن داۋاملىق كىرىشىدىغان بولساق، ئىشىمىز ئورۇن-دۇلۇپ بولاتتى. بىز 4-كۈنى ئىشقا كىرىشمەكچى بولۇپ تۇرغان-دا، ۋالى مەھكىمىسىدىن ماڭا، مەجلىسكە چاقىرىپ ئۇختۇرۇش كەپتۇ، دەرھال مېڭىشقا توغرى كەلدى. يەر ئاستى يولىنى بالدۇرراق تۈگ-ۈتۈش ئۈچۈن شياۋلى ۋە ئالاقىچى لاۋيىنى ئېلىپ كېلىپ قاتناشتۇردۇق. مەن كەتكەن كۈنى كېچىسى مۇنداق ۋەقەنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىنى كىم بىلگەي؟

* * *

سىرنى بىز ئۆزىمىز ئاشكارە قىلىپ قويۇپتىمىز. مەن ۋالى مەھكىمىسىگە مەجلىسكە ماڭغان كۈنى كېچىسى، مېڭىش ئالدى-دا، مۇھاپىزەتچى لاۋما ھاجەتخانىغا بېرىپتۇ، ئۇنى جىن دەن دەيدىغان شپيون كورۇپ قېلىپ، شۇكۈنى كېچىسى جۇجۇاڭ-دىكى دۇشمەنلەرگە مەلۇم قىلىپتۇ. دۇشمەن ئەتراپتىكى بار-لىق كىشىلەرنى ۋە شپيونلارنى ژىغىپ، ئىككىنچى كۈنى قاق سەھەردە كېلىپ، چېجۇاڭ يېزىسىنى مۇھاسىرىگە ئالدۇ. شپيون جىن دەننىڭ كورسۇتۇشى بىلەن شياۋۋانىڭ ئائىلىسىنى ئوراپ ئالدۇ.

لاۋدۇەنلەر بىر نەچچە كېچە ئۇدا ئىشلەپ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكتىن، تاڭغا يېقىن ئىشنى توختۇتۇپ قاراڭغۇ بولۇمدە ئۇخلاپ قالدۇ. دۇشمەن ئوگزىگە چىققان چاغدا بىراقلا چۇچۇپ ئويغۇنۇدۇ ۋە ئوگزىدە بىراۋلارنىڭ ئاياق تىۋىشى

ئاڭلىنىدۇ. كەينىدىنلا بىرنەچچە كىشى «گۈپ ـ گۈپ» قىلىپ
يەرگە سەكرەپ چۈشۈدۇ ۋە «تاراخ ـ تۇرۇق» قىلىپ دەرۋا ـ
زىنى ئېچىۋېتىدۇ. ھويلىغا «پالاخلاپ» بىر مۇنچە ئادەم
كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوقۇم دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
ئۇلار ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپلا دەرھال يەر ئاستى
يولىغا كىرىدۇ. دۈشمەنمۇ دەرھال قاراڭغۇ ئۆينى كورۇۋالدۇ
ـ دە ئۇنى ئاچقۇزۇدۇ. قاراڭغۇ بولۇمدىكى تېخى ئىسسىق
ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى كورۇدۇ. لېكىن يەرئاستى يولىنىڭ ئاغزى ـ
نى دەرھال تاپالمايدۇ. دۈشمەن شىاۋۋا بىلەن ئۇنىڭ ئانى ـ
سىنى سورەپ ئېلىپ چىقىدۇ. خائىنلار ئۇلارنى «ھاكىمنى
تاپ!» دەپ قىستايدۇ. ئۇلار ئىككىسى «يوق!» دېگەندىن
باشقا گەپ قىلمايدۇ. قاراقچىلار ئۇلارنى ئۇرۇدۇ ـ تېپىدۇ،
نەيزىلىرى بىلەن قورقۇتىدۇ، يالغان ـ ياسالما كۈلكىلەر بىلەن
ئۇلارنى كوندۇرمەكچىمۇ بولۇدۇ. لېكىن ھېچ نېتىجە قازىنالـ
مايدۇ. ئاخىرى كۈن نۇردا يېڭى توپىلاردىكى ئىز كورۇنۇپ
قېلىپ، يەرئاستى يولىنىڭ ئاغزىنى تېپىپ ئالىدۇ. قاراقچىلار
ئوزلىرى ھايداپ كەلگەن كىشىلەرگە زورلۇق بىلەن ئاچتۇرۇپ،
مىلتىقلىرىنى يەرئاستى يولىنىڭ ئاغزىغا بەتلەپ تۇرۇدۇ. سات ـ
قىن جۇۋەنىيىڭ يەر ئاستى يولىنىڭ ئىچىگە ئېگىلىشىپ قاراپ:

ــ ھاكىم! بۇياققا چىقىڭ! ھېچ ۋەقەسى يوق، مەن كى ـ
پىل. ئەگەر مىلتىغىڭىزنىلا تاپشۇرۇپ خىزمەت قىلىشنى خالـ

سىگىز ئوخشاشلا يەنەشۇ مەنسۇپىڭىزدە تۇرىۋېرىسىز ، خىزمەت قىلغىنىڭىز كەلمىسە، بوش ژۇرسىڭىزمۇ بولۇدۇ.ــــدەپ ۋاقىراي‐دۇ. ئىچكى تەرەپتىن ھېچ بىر تىۋىش ئاڭلانمايدۇ. قاراقچىلار شياۋۋانى يەرئاستى يولىغا چۈشۈپ«ھاكىمنى قىچقىرىپ چىق» دەپ زورلايدۇ. شياۋۋا قاراقچىلارنىڭ نەيزىسىنىڭ زورى بىلەن يەرئاستى يولىغا چۈشۈدۇ. ئۇ،لاۋدەڭگە كېلىپ، سىرتتىكى ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى بۇنىڭغا چارە تاپالمايدۇ. يەنە بىر كېچە ئۆتسە ھېچ نەرسىدىن قورقۇشقا ئورۇن قالمايتتى، لېكىن ھازىر قانداق قىلىش كېرەك؟چۈنكى يەرئاستى يولىغا قېزىپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن تېخى يەنە 2ـ3گەز يەر بار، دەرھال تۇتاشتۇرۇشنىڭ ئىلاجى يوق. چارىسىزلىقتىن شياۋۋا قايتىپ چىقىپ قاراقچىلارغا:

ـــ يەرئاستى يولى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەن، ھېچ كىمنى تاپالمىدىم. ــــدەيدۇ.

قاراقچىلارنىڭ بىرى:

ـــھېچكىم يوق دەمسەنا؟!ــــدەپ شياۋۋانىڭ كاچىتىغا «چاك ـ چاك» بىرنەچچە تەستەك ئۇرۇۋېتىدۇ. شياۋۋا سەندۇر‐لۇپ، ژىقىلىپ كېتىشكە ئازلا قالىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى ئوتتەك قىزىپ كوزلىرى ئىمىر ـ چىمىر قىلىپ كېتىدۇ. قاراقچىلار ئۇنى ئىككىنچى قېتىم چۈشۈشكە زورلايدۇ. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ بىر دەمدە قايتىپ چىقىپ يەنە:



www.uyghurkitap.com

— يوق! دەپ جاۋاپ بېرىشىگە، قاراقچىلارنىڭ بىرى بىر تېپىپ ئۇچۇرىۋەتتى. كېيىن قىلىچىنىڭ كەينىنى ئۇنىڭ بوينىغا ئاپىرىپ تۇرۇپ:

— راستىنى ئېيتمىساڭ ئۆلتۈرىمەن! ئۆلتۈرىمەن!—دەپ قورقۇتۇدۇ.

شياۋۋا سەل قورقاندەك بولۇدۇ. لېكىن دەرھال ئۇنىڭ باللار ئەترىتىدىكى چاغدا «دۈشمەنگە سىر بەرمەسلىك توغرىسىدا بەرگەن ئەھدىنامىسى» ۋە دۈشمەن قولىدا ئۆلگەن دادىسى ...... يادىغا كېلىپ بىر ئېغىزمۇ جاۋاپ بەرمەستىن، بېشىنى چايقايدۇ. قاراقچىلار ناھايىتى قاتتىق تىرىكىپ، دۈمبىسىنىڭ ئىككى ـ ئۈچ غېرىش يېرىدىنى قېلىچنىڭ ئۈچى بىلەن تىلىپ قانىتىۋىتىدۇ. قېرى ھەدە ۋاي سېلىپ، قاراقچىلارغا ئېتىلىدۇ، قاراقچىلار ئۇنىمۇ تېپىپ ژىقىتىۋىتىدۇ.

يەر ئاستى يولىغا شياۋۋانى زورلاپ 3 ـ قېتىم كىرگۈزۈدۇ. ئۇ، بۇ ۋەقەلەرنى لاۋدۈەنلەرگە يەنە ئېيتىپ بېرىدۇ. لاۋدۈەن ئۇنىڭ قان ئۇيۇپ كەتكەن دۈمبىسىنى سىلاپ كورۈپ ژىغلىۋىتىدۇ. ئۇلار ئولۇمدىن قورقۇپ ئەمەس، شياۋۋانىڭ تارتقان ئازاۋىغا ئېچىنىدۇ. ئۇلار ئەمدى شياۋۋانىڭ ئازاپ چېكىشىنى خالىمايدۇ؛ «ئەمدى ھېچقانداق ئۈمىت قالمىدى، ئارتۇقچە ئازاپ چېكىشنىڭ ھاجىتى يوق!» دېگەن خىيال بىلەن لاۋدۈەن شياۋۋاغا:

— شياۋۋا، ئەمدى راستىنى ئېيت! ئېيتمىغان بىلەنمۇ پايدىسى يوق، ئەڭ ياخشىسى، بىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىگىمىزنى ئېيتىپبەر!—دەيدۇ.

شىياۋۋانىڭ زادىلا چىققۇسى كەلمەيدۇ. دۈشمەنلەرنىڭ ئازاپلىشىدىن قورقۇپ ئەمەس، ئۇ، لاۋدۇەن ئاكىسى بىلەن شىياۋلى ھەدىسىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى سىزەتتى. لېكىن لاۋدۇەن يەنە ئۇنى چىقىشقا كوندۇرۇدۇ. شىياۋۋا قايتىپ چىقىدۇ. قاراقچىلار:

— ئادەم بارمىكەن؟ دەپ ۋاقىرايدۇ.

— يوق. —دەپ جاۋاپ بېرىدۇ شىياۋۋا قاپقىنى تۇرۇپ.

قاراقچىلار تېرىكىپ، دەرھال ھويلىدا دۆگىلاغلىق تۇرغان ئوتتۇنغا ئوت قويۇپ، ئۇنى خۇددى بىر چۈجىنى سىقىمدىغاندەك كوتۇرۇپ ئاپىرىپ ئوتقا تاشلايدۇ...... ئانىسى كېلىپ قۇتولدۇرۇپ ئالغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئاران جېنى قالىدۇ.

—ھەي! بىز مىلتىق تاپشۇرۇمىز! —دېگەن ئاۋاز چىقىدۇ يەر ئاستىدىن. ساتقۇنلار بىلەن قاراقچىلار خوشال بولۇشۇپ كېتىدۇ؛ خائىن جۇۋەنىيىڭ بىر نەچچە ماگىدام ئالدىغا بېرىپ، مەيدىسىنى كېرىپ مۇغەمبەرلىك بىلەن:

— ھاكىم، مىلتىقىڭىزنى تاپشۇرۇڭ، قېرىشىپ نىمە قىلاتتىڭىز! مىلتىقىڭىزنى تاپشۇرسىڭىز ھېچقانداق ئىش تۇغۇلمايدىغانلىقىغا مەن كېپىل، نەگە بارسىڭىز بىر خىزمەتقۇ؟. — دەيدۇ.

— ماقۇل، ئۆزىڭىز ياردەم قىلارسىز! —دېگەن لاۋدۇەننىڭ ئاۋازى چىقىدۇ.



www.uyghurkitap.com

— ئىشىنىڭ بىرىڭ ھاكىم! — دەپ كوزىنى شىپىلدىتىپ، يۈزىدە «غەلىبە» كۈلكىسى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. شىپونىنىڭ ئالدىغا يەر ئاستىدىن بىر تۈتام پۇل ۋە بىر «بايىگزى» تاپانچىسى تاشلىنىدۇ. ساتقۇنلار خوشاللىغىدىن تاپانچىغا ژۇگۇرگەندە «گۇم» قىلىپ، يەرئاستىدىن تاشلانغان بىر دانە بومبا پارتلاپ كېتىدۇ. قاراقچىلار بىلەن ساتقۇنلارنىڭ بىت — چىتى چىقىدۇ، ئۈچ ساتقۇن شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ھالاك بولۇدۇ!
يەر ئاستىدىن يەنە كەينى — كەينىدىن ئىككى قېتىم ئوق ئېتىلىپ، قاراقچىلاردىن بىرسى ھالاك بولۇدۇ. دۈشمەن بويسۇندۇرۇشتىن ئۈمىت ئۈزۈپ، پۇلېميوت ۋە گراناتنى يەر ئاستى يولىنىڭ ئاغزىغا ياغدۇرۇۋىتىدۇ. ئۇزاقتىچە يەر ئاستىدىن ئاۋاز چىقمايدۇ.

كەچ سائەت 3 — 4 ۋاختىدا، دۈشمەن يەر ئاستى يولىنى قېزىپ، لاۋدوەنىنىڭ ئۆلۈگىنى ئېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئوتتۇرا بارمىغىدا گرانات كاسپۇلىنىڭ سىمى كىيىگلىك پېتى قالغان ئىكەن، شياۋلى بىلەن لاۋيى ئېغىر جاراھەتلىنىپ، قانغا بويۇلۇپ كېتىپتۇ.

ئەسلىدە ئۇلار دۈشمەنىنىڭ بىر قانچىسىنى ھالاك قىلغاندىن كېيىن، توساتتىن مىلتىقلىرى ئېتىلماي قالىدۇ. لاۋدوەن ئېتىلمىغان مىلتىغىنى بۇزۇپ توپىغا كوموۋىتىدۇ، ئاخىرى بۇلار پارتىيىنىڭ گرۇپپا مەجلىسىنى ئېچىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر بومبا

بىلەن ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىپ، دۈشمەنگە تىرىك ئەسىر چۈش-مەسلىكىكە قارار قىلىپ قەسەم بېرىدۇ. نەتىجىدە لاۋدۇەن قەھ-رىمانانە قۇربان بولىدۇ، شياۋلى بىلەن لاۋيى بۇ ئارمانلىرىغا يېتەلمەي جاراھەتلەنگەن ھالدا دۈشمەنگە ئەسىر چۈشىدۇ. دۈشمەن شياۋۋانىڭ ئۆيىدىكى كېرەككە يارايدىغان نەرسىلەر-نىڭ ھەممىسىنى تالاپ ئېلىپ، ئۆيگە ئوت قويىدۇ؛ ھېلىقى ئىككى خائىننىڭ ئۆلۈكى بىلەن، ئىككى جاراھەتلەنگەن ئادەم-نى — شياۋلى ۋە لاۋيىلارنى ئېلىپ ناھىيىگە قايتىپ كېتىدۇ.

* * *

مەن ۋالى مەھكىمىسىدىن قايتىپ كەلگىچە، شياۋۋا يەنە شۇ يېنىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە داۋالىنىپ يېتىپتۇ. كەچتە مەن ئۇنى يوقلاپ باردىم. دۈشمەن شۇنداق تېتىك بالىنى كار-دىن چىقىرىپ، ئەپتى — تۇرقىنى قويماپتۇ. ئۇنىڭ دۈمبىسى-دىكى يارىسى تېخى ساقايماپتۇ. يۈزى ۋە بەدىنىدىكى كۆيگەن يەرلىرىنىڭ تېرىلىرى شەلۋەرەپ سويۇلۇپ چۈشۈپتۇ. مەن ئۇ-نىڭ شۇنچىلىك ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىغا قاتتىق ئېچىندىم؛ شياۋۋا مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ژىغلىۋەتتى. بۇ مېنىڭ شياۋۋانىڭ ژىغلىغىنىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى، ئۇ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن ژىغلىدى، لېكىن ئۇ، ئۆزى ئۈچۈن ژىغلىمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشنى ئىشلەپ بولغان ئىدى، ئۇ پەقەت:



— لاۋئۇ ئاكا! لاۋدۇەن ئاكام بىلەن لاۋيى ئاكامنى ۋە شياۋلى هەدەمنى مەڭگۈ كورەلمەيدىغان بولدىڭىز! — دەپلا ژىغلايتتى.

ئويدىكىلەرنىڭ هەممىسى ۋۇشۇلداپ ژىغلاپ كېتىشتى، مەن ياش تولغان كوزلىرىم بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردۇم. ئۇ بىردىنلا ئوزگۈرۈپ، 13 ياشلىق بالا ئەمەس، خۇددى بىر چوڭ ژىگىت بولۇپ، شۇنداق قۇدرەتلىك، شۇنداق ئۇلۇق بىر ژىگىت بولغاندەك كورۇنۇپ كەتتى، ئۇنىڭ كوزىدىكى ياش ئەمەس، ئوت ئىدى، بۇ ئىككى يەردىن ئۇچقۇنلىغان ئوت يانا — يانا ئاتەشكە ئايلانغاندەك كورۇندى. مەن بۇ ئوتنىڭ دۇشمەننى كويدۇرۇپ كۈل قىلىدىغانلىغىغا ئىشىنىمەن؛ دۇشمەن جىنايىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!

★ ★ ★

ئايلار، ژىللار ئۆتۈپ، هازىر بۇنىڭغا توپ ــ توغرى 10 ژىل بولدى. شياۋۋا 23 ياشقا كىرىپ، ژىگىت بولۇپ قالدى. 1944 ــ ژىلى چېجۇاڭ بازىسى ۋە شۇ ناھىيە قايتۇرۇپ ئېلىنـ غاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن پەقەت 2 قېتىم ئۇچراشتىم. ئۇ، كوپچىلىك بىلەن بىللە قاراۋۇل مۇنارىلىرىنى بۇزۇپ، يول تۈزلەپ ژۈرەتتى. بىز بىر ــ بىرىمىز بىلەن ئۇچراشقاندا ئالـ لىقانداق خوشال بولۇشۇپ كېتەتتۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئارزۇ ــ ئارمانلىرىمىز ئەمەلگە ئاشتى. بىز دۈشمەن قولىدا ھالاك بولـ غان مىللىون ــ مىللىون دادىلارنىڭ، لاۋدۈەنگە ئوخشاش سانـ سىز قۇربانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدۇق!

ئۇزاق ئۆتمەي مەن بۇ يەردىن يوتكۈلۈپ كەتتىم. شۇنىڭـ دىن باشلاپ شياۋۋانى ــ مۇ كورمۇدۇم. لېكىن ئۇنىڭ قىياپىتى كوز ئالدىمدىن كەتمىدى، مەن ئۇنى ھەر بىر ئويلىغاندا، ناھايىتى پەخىرلىنەتتىم ۋە راھەتلىنىپ كېتەتتىم...

1950 ــ ژىلى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ تاجاۋۇزچى زەمـ بىرەك ئوتى، يالۇجاڭ دەرياسىنىڭ ياقىسىنى كويدۇرۇشكە باشلىدى. ۋەتىنىمىزنىڭ مىللىونلىغان ئوغۇل ــ قىزلىرى ۋەتىنىـ مىزنىڭ تىنچ قۇرۇلۇشىنى ۋە بەختلىك ھاياتىنى قوغداش ئۈـ چۈن «جاسارەت، غەيرەتتە...» دېگەن شېئىرنى ياڭرىتىپ، ئاـ مېرىكا ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم

بېرىش، ۋەتەنني قوغداپ، ئائىلىنى ساقلاش ئۇلۇق كۇرۇشكە ئاتلاندى. مەنمۇ ئوز ئىختىيارىم بىلەن تېپكىشلىك ئورنۇمغا ئوتتۇم.

1951 ــ ژىلى مايدا، ماگا بىرجىددىي ھەربىي ترانسپورت ۋەزىپىسى بىلەن چاۋشەن ئالدىنقى سىپىنىڭ مەلۇم جايىغا بېرىشقا توغرى كەلدى. ھەربىي ژۇرۇش جەريانىدا، پويىزدىكى بىر نەچچە پىدايىي ئەسكەرلەر بىلەن سوھبەتلەشتىم. ئالدىنقى سەپ خەۋەرلىرى توغرىسىدا، سويۇملۇك ۋەتىنىمىزدە، تۇغۇلغان ژۇرتىمىزدا يېڭىدىن باشلانغان بەختلىك ھايات توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق، سوھبىتىمىز ناھايىتى كوڭۇللۇك بولدى. چۇنكى، بىز ھەر قايسىمىز ھەر يەردىن كەلگەن بولساقمۇ، ئوخشاشلا بىز ھەممىمىز بېشىمىزدىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كېچىرىپ، بۇگۇنكى ئورتاق غەلىبە ۋە گوزەل كىلەچەككە ئېگە بولدۇق؛ ھازىرمۇ ئورتاق ئۇلۇق نىشان يولىدا قول تۇتۇشۇپ كۇرەش ژۇرگۇزۇۋاتىمىز. بىزدىكى ئورتاق تىلەك ۋە ئورتاق ئىشەنچ، ئوتتۇرىمىزدىكى «تونۇشلۇق» بىلەن «تونۇشسىزلىق»ـنىڭ چېگىرىسىنى ئېلىپ تاشلىدى، كىم بىلەن كىم ئۇچراشسۇن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ناھايىتى يېقىن ھىس قىلىشاتتى.

بىز شۇنداق كوڭۇللۇك پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. تۇيۇقسىزلا مېنى كەينىمدىن بىر پىدايىي ئەسكەر قۇچاغلاپ ئالدى. ئۇ، شۇنداق كۇچ بىلەن قۇچاغلىدىكى ــ خۇددى بىرچوڭ كىشى كىچىك بالىنى قۇچاغلىغاندەك قۇچاغلاپ، مېنى ھەيران قال-

دۇردى. كېيىن ئۇ، ئىككى قولىنى مۇرەمگە قويۇپ، ئالا-ھەزەل بىرمىنۇتچە ۋاخت مىدىرلىماي ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى – دە:

— لاۋئۇ ئاكا! — دېدى.

مەن تۇيۇقسىز بىر ھوجۇمغا ئۇچرىغاندەك ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدىم، ئوز قۇلۇغۇمغا ئوزەم ئىشەنمىگەندەك بولدۇم. «لاۋئۇ ئاكا» دېگەن بۇ ئىسىم قانچىلىك يېقىملىق ئىدى، ئۇ، شۇنداق ئېغىر مەشەققەتلەرگە ۋە شۇنداق چوڭقۇرجەڭگىۋار دوستلۇققا ۋەكىللىك قىلاتتىكى، مەن كوزۇمنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى ئەسلەشكە باشلىغىنىمدا كوز ئالدىمدا شياۋۋانىڭ سورىتى گەۋدىلەندى. «شياۋۋا!» دەپ ۋاقىرىۋەتتىم. بۇ ئويلۇمىغان ئۇچرۇشۇشتىن شۇنچىلىك ھاياجانلاندىمكى، بىر ۋاختقىچە ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى. مەن خۇددى كىچىك باللاردەك سەكرەپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدىم ۋە ئۇنى سويۇشكە باشلىدىم؛ كېيىن مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاردىم.

شياۋۋا چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ، ئەگەر ئۇ ئوزى ئېيتمىغان بولسا، تونۇمايمۇ قالار ئىكەنمەن. ئۇنىڭ بويى مەن بىلەن تەڭ دېگىدەكلا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قاۋۇل، ئېغىر-بېسىق ۋە غەيرەتلىك باتۇر قىياپىتى ئىنقىلاپنىڭ ئەڭ مەشەققەتلىك كۇنلىرىدىكى، شياۋۋانىڭ «دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش» قا قەسەم بەرگەن چاغدىكى دۇشمەنگە بولغان چەكسىز ئوچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

مەنلىگىنى، ئىنقىلاپقا بولغان چەكسىز ئىشەنچىسىنى ۋە ئۇنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ئېسىمگە چۈشۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن دايىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋەتەنىمنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ — پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىنىڭ ئۇرۇش ئوتىنى ياققۇچى قانخور ئامېرىكا قاراقچىلىرىغا بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ۋەتەنىنى، تىنچلىقنى قوغداش ئۈچۈن تاجاۋۇزچىلارغا زەربە بېرىشتە غەلىبە ئىشەنچىسى بىلەن تولۇپ تاشقان باتۇرلۇقلىرىنى ئېسىمگە چۈشۈردى، مەن ئاخىرى كۈلۈۋەتتىم.

— سىنىڭ بۇ ياققا كېلىدىغانلىقىڭ ماڭا مەلۇم ئىدى! — دېدىم مەن شۇ ۋاقىتتىكى ھاياجانلىق ۋە خۇشاللىق كەيپىياتىمنى بىلدۈرگىدەك باشقا مۇۋاپىق گەپ تاپالماي. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىللە شىياۋۋاغا ۋە بارلىق پىدائىي قىسىم جەڭچىلىرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ سۆز مۇۋاپىق ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بىز ياپون ئىمپېرىيالىستلىرىغا قارشى 8 ژىللىق ئۇرۇش، 3 ژىللىق ئازاتلىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە ياپون قاراقچىلىرىنىمۇ، جاڭكەيشىنىمۇ قوغلاپ چىقاردۇق، مەشەققەتلىك كۈنلەرنى قەدەممۇ-قەدەم بېسىپ ئۆتتۇق؛ بۈگۈنكى ئىنقىلاپ غەلىبىسىنىڭ مېۋىسىنى — ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچ قۇرۇلۇشىنى، ۋەتىنىمىزدىكى خەلقلەرنىڭ تىنچ، بەختلىك تۇرمۇشىنى ھېچقاچان دۈشمەننىڭ بۇزۇشىغا يول قويمايمىز!

شياۋۋانىڭ كېلىشىنى مەن ئاللىقاچان ئويلىغان ئىدىم، لېكىن مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق تويۇقسىز ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىدىم.

شياۋۋا ئىككىمىز پاراڭلىشىپ كەتتۇق، ئۇ، ماڭا خۇشاللىق بىلەن پاراڭ سېلىشقا باشلىدى: ئۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ئۆتكەنكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. ئاللىقاچان ئۈچ ئېغىز ئۆي سېلىۋالغان ئىكەن، ھازىر بېقىۋاتقان بىر ئۆي كالىسى بار ئىكەن؛ يېزىدا پىدايىي قىسىم ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان غەمخورلۇق ناھايىتى تولۇق ئىكەن؛ ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىمۇ بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ، ھازىر ئۇنى باتۇرلۇق كۆرسۈتۈشكە رىغبەتلەندۈرۈپ دايىم خەت يېزىپ تۇرۇدىكەن؛ ئۆزى 1950 ــ ژىلى ئامېرىكا ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى تۇرۇپ، چاۋشەنگە ياردەم بېرىش ھەركىتىگە ئىختىيارىي قاتناشقان ئىكەن. ھازىر قەھرىمان ئىسكادرونغا سىياسىي رەھبەر بولۇپتۇ. بۇ قېتىم ئالاھىدە بىر ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئارقا سەپتىن ئالدىنقى سەپكە قايتىپ كېتىۋېتىپتۇ.... مەن پويىزددىن چۈشىدىغان يەرگە كېلىپ قالغانلىقتىن ئۇزاق سۆزلىشەلمىدۇك. مېنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغىم كەلمىدى، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم باردەك، لېكىن بىردىن ئۇنىڭ ھېچقايسىسىنى ئېيتالمىدىم. مەن پويىزددىن چۈشتۈم، ئۇ مېنى ۋاگوننىڭ ئىشىكىگە

قەدەر ئۈزۈتۈپ قويدى، قولۇمنى مەھكەم قىسىپ ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك، لېكىن غەيرەتلىنىپ:

— خوش! لاۋئۇ ئاكا! يېقىن ئارىدا ئۈتتۈقلىرىمىزدىن خە-ۋەر بېرىمەن! غەلىبە خەۋەرلىرىنى ۋەتەن خەلقىغە يەتكۈزەر-سىز! — دېدى.

پويېزد يەنە ئالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى، مەن بىردىن شۇئىراق ھاياجانلاندىمكى — ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن مو-ۋاپىق سوز تاپالمىدىم. پەقەت:

— خوش! يولداش شياۋۋا، غەلىبە قازىنىشىڭىزنى تىلەيمەن! — دەپ ۋاقىراۋەتتىم.

پويېزد مېنىڭ يېنىمدىن ناھايىتى تېز — ئۈچقاندەك ئوتۇپ كەتتى، ئۇنىڭ «تاق — تۇق، تاق — تۇق» قىلغان ئاۋازى بارغانسىرى ژىراقلاشتى. ئۇ خۇددى دۈشمەن كوكسىگە قادال-غىلى كېتىۋاتقان نەيزىدەك ماڭاتتى.

مەن پويېزدنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردۇم. شياۋۋانىڭ سوزلىرىنى تەكرارلىدىم، كوڭلۇم چەكسىز خوشال-لىققا تولدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ باللار نەشرىياتى تەرىپىدىن 1955 – ژىلى
مايدا نەشر قىلىنغان بىرىنچى نەشرى بىرىنچى باسمىسى-
دىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据少年儿童出版社1955年5月第1版第1次印刷版本譯出

---

كىتاب نومېرى: 1091(4)226

# باتۇر بالا

---

ئاۋتورى: لى بىنىڭ.

رەسسام: چىن يۇنىڭ.

تەرجىمە قىلغۇچى: قاسىم ئارشىۋ.

تەرجىمىنىڭ مۇھەررىرى: توختى باقى.

كوررىكتورى: ئا. ئابدۇللايىۋ.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرىس: بېيجىن گوزىجەن 54 – قورا.

بېيجىن شەھەرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومىرى: «ن – 047».

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

---

1957 – ژىلى مايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 – ژىلى مايدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىراژى: 5200 – 1. باھاسى: 10 پۇڭ.

書號：1091(4)326

# 鐵娃娃

（維吾尔文）

李伯宁著

秦耘生插画

卡生木譯

托乎提巴克校訂

阿·阿不都拉优夫校对

民族出版社出版

地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠印刷

新華書店發行

---

1957年5月北京第一版

1957年5月北京第一次印刷

787粍×1092粍$\frac{1}{38}$　印張2$\frac{1}{4}$

印數：1—5,200冊　定價：一角

統一書號：MR10049·維37